


بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林


المسلم الصيني

3

2007

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

ئۇنىۋېرسال ئىسلام ئىلىم - مەدەنىيەت ژۇرنىلى




7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقە مەيدانىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى.



جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ۋە ھەر ساھە زاتلار مۇسابىقىنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمىدا.



ئەرەب ـ ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ئەستايىدىل قىرائەت ئاڭلىماقتا.



ئاياللار گۇرۇپپىسى بويىچە 1 ـ لىككە ئېرىشكەن جىلىنلىق لى شۇفاڭ قارىيە.



غۇلجا ناھىيىسىدىن كەلگەن دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىدىكىلەر بېيجىڭدىكى مەزگىلىدە مۇسابىقىنى ئاڭلاشقا مۇشەررەپ بولدى.



ئەرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە 1 ـ لىككە ئېرىشكەن شىنجاڭلىق غۇلامرەسۇل ئابدۇۋاھىت قارى.



دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى مۇسابىقىگە قاتناشقان قارى ۋە قارىيەلەر بىلەن سۈرەتكە چۈشتى.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى سىددىق، شەمسىددىن، ئەنۋەر تارتقان)

# مۇسۇلمانچىلىق توغرىسىدا

## (ھەدىس شەرىپتىن)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئۈستىدە ئالتە تۈرلۈك ھەققى بار" دېگەندە، "ئى رەسۇلۇللاھ ئۇلار قايسىلار؟" دېگۈچىگە، رەسۇلۇللاھ ئېيتتىكى: "ئۆزئارا ئۇچراشقاندا سالام بەرگىن؛ سېنى تاماققا چاقىرسا چاقىرىقنى قوبۇل قىلغىن؛ سەندىن نەسىھەت تەلەپ قىلسا نەسىھەت قىلىپ قويغىن؛ چۈشكۈرۈپ ئەلھەمدۇلىللاھ دېسە، يەرھەمۇكەللاھ دېگىن؛ كېسەل بولسا ئۇنى يوقلىغىن؛ ئۆلسە جىنازىسى ئارقىدىن بارغىن" (مۇسلىم توپلىغان).

كىچىكلىرىمىزگە رەھىم قىلمىغان، چوڭلىرىمىزنى ھۆرمەتلىمىگەن، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇمىغان، يامان ئىشلاردىن توسمىغان ئادەملەر بىزگە مەنسۇپ ئەمەس (تىرمىزى توپلىغان).

كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىكەن قوشنىسىغا ياخشىلىق قىلسۇن؛ كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىكەن مېھمىنىنى ھۆرمەت قىلسۇن؛ كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىكەن ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۆز قىلمىسۇن (مۇسلىم توپلىغان).

مۆمىن ئادەم كىشىلەرگە تىل تەگكۈزمەيدۇ، كىشىلەرنى تىللىمايدۇ، يامان سۆز قىلمايدۇ ۋە سۆرەن سالمايدۇ (مۇسلىم توپلىغان).

پايدىسىز، مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق مۇسۇلمانچىلىقنىڭ گۈزەللىكىدىندۇر (تىرمىزى توپلىغان).

# مۇندەرىجە


## ئالاھىدە خەۋەرلەر

7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى ............ ئۆز خەۋىرىمىز(4)

## ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

ۋەھيى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە ............ ئىلياس ئىسلامبەك(5)

ئۆلۈم ھېكمىتىدىن ئاخىرەت ھەقىقەتلىرىگىچە ............ نەزىرە مۇھەممەد سالىھ (17)

## شەرىئەت ئەھكاملىرى

جامائەت نامىزى ھەققىدە سوئال-جاۋابلار ............ ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد، مۇھەممەد مۇسا(25)

## ئىسلام دىنى ۋە ئاياللار

ئىناقلىق ئاياللارنى ھۆرمەتلەشتىن باشلىنىدۇ ............ شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد(36)

## ئىسلام ئەدەپ-قائىدىلىرى

مۇسۇلمانلارنىڭ سورۇن ۋە سورۇنداشلارغا بولغان ئەدەپ-قائىدىلىرى ............ ئىسمائىل ياقۇپ(41)

## ئىسلام ئالىي بىلىم يۇرتلىرى

بەيتۇل ھېكمەت ............ شەمشىدىن ھاجى(48)

## ئالىم-ئۇلىمالىرىمىز

ئەمىر ھۇسەيىن سەبۇرى ............ مۇھەممەتجان قۇتلۇق(53)



المسلم الصينى



جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

(پەسىللىك ژۇرنال 季刊)

(ئومۇمىي 84-سان 总第84期)

باش مەسئۇل:
ئادىل ھاجى كېرەم

باش مۇھەررىر:
شەمشىدىن ھاجى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ھاجى بارات رەجەپ

تېخنىك تەھرىر، مەسئۇل كوررېكتور:
ئىلياس ئىسلامبەك

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:
شەمشىنۇر ھوشۇر

主　管：阿地里江·阿吉克力木
主　编：夏米西丁·哈吉
副主编：巴拉提·热吉甫
技术编辑：伊力亚斯·斯兰别克
封面设计：夏美希努尔·吾守尔

刊号 خەلقئارالىق نومۇرى : ISSN1007-5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى : CN11-1346/B

邮发代号：58—167 پوچتا ۋاكالەت نومۇرى :


چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى : Q1720:

国外代号：Q1720

E-mail: ujmtb@yahoo.com.cn

# China muslim

# مۇندەرىجە




2007

3

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى

تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى:

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى:

مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار؛

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى؛

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ئادرېس: بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103 ـ قورۇ

پوچتا نومۇرى: 100053

تېلېفون نومۇرى: 59313090، 59313021 ـ (010)

شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى:

ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 119 ـ قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830001

تېلېفون نومۇرى: 2572090 (0991)

جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (بېيجىڭ 399 ـ خەت ساندۇقى)

主　　办: 中国伊斯兰教协会
编辑出版:《中国穆斯林》维文编辑部
印　　刷: 中央民族大学印刷厂
订阅、发行: 全国各地邮局、乌鲁木齐市邮政局;《中国穆斯林》维文编辑部
地址: 北京市宣武区南横西街 103 号
邮编: 100053
电话: (010) 59313021, 59313090
新疆发行站:乌鲁木齐市延安路 119 号
邮编:830001 电话: (0991) 2572090
国外发行: 中国国际图书贸易公司
(北京 399 信箱)


## ئىسلام دىنى ئاسارە-ئەتىقىلىرى


مەۋلانە جالالىدىن كىتكى ۋە ئايكۆلدىكى مەۋلانە مازىرى ..................
...................... ئەسقەر ئابباس، ئەنۋەر ئابباس(55)


## خەلقئارالىق بېرىش ـ كېلىشلەر


مەككە مۇككەررەمە ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى، مەشھۇر قارى شەيخ ئابدۇرراھمان ئىبنى ئابدۇل ئەزىز سۇدەيسى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە زىيارەتتە بولدى ........................................ (57)

جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئادىل ھاجى كېرەم نەنجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا ـ ياۋروپا يىغىنى 3 ـ نۆۋەتلىك دىنلار ئارا مەدەنىي مۇلاقات يىغىنىغا قاتناشتى ........................................ (57)


## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى


شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ 10 يىللىقىغا مۇبارەك ــ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۆمىكىنىڭ شياڭگاڭنى زىيارەت قىلىش خاتىرىسى ................................................ (58)

غۇلجا ناھىيىسىنىڭ دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى ئىچكىرىدە زىيارەتتە بولدى ........................................ (59)


## ئىسلام مائارىپى


جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ 2002 ـ يىللىق شىنجاڭ سىنىپى ئوقۇش پۈتتۈردى ................................................ (60)

شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىدا 2002 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى ........................................ (61)


## تۆھپىكار دىنىي زاتلار، ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار


ئارزىگۈل ھەسەن، ئېزىز كېۋىر، شاھىمەردان ھاجى نىياز، ئەنۋەر تۇردى، سىدىق تۇردى قاتارلىقلار خەۋىرى ........................................ (62)


## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى


2008 ـ يىللىق ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ ....... ........................................ (63)

ھىجرىيە 1428 ـ يىللىق رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش ۋاقىت جەدۋىلى ....... (64)


مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: دۇبەيدىكى جۇمەيرە مەسچىتى


**بۇ سان 2007 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشردىن چىقتى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى 2007-يىل 5-ئاينىڭ 26-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. 24 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىدىن تاللانغان خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، سالار، دۇڭشياڭ، زاڭزۇدىن ئىبارەت ئالتە مىللەتتىن تەركىب تاپقان 55 نەپەر قارى ۋە قارىيە(46 نەپەر قارى، 9 نەپەر قارىيە) مۇسابىقىگە قاتناشتى.

قارىلارنىڭ تۆت كۈن جىددىي ۋە كەسكىن مۇسابىقىلىشىشى ئارقىلىق، ئەرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن غۇلامرەسۇل ئابدۇۋاھىت قارى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، خېنەن ئۆلكىسىدىن ياڭ كەي قارى، شىنجاڭدىن ئابلىمىت ياسىن قارى، گەنسۇ ئۆلكىسىدىن جۇجىسەي قارى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىدىن ئىمامجان توختى قارىلار ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىدىن ئەخمەت ياقۇپ قارى، شىنجاڭدىن ما مىڭ قارى، موللا ئۆمەر غوپۇر قارى، نىڭشيادىن ما جۈنچى قارى، يۈننەن ئۆلكىسىدىن ما گوەندۇڭ قارىلار ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئاياللار گۇرۇپپىسى بويىچە، جىلىن ئۆلكىسىدىن لى شۆفاڭ قارىيە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ ئىچكى موڭغۇلدىن ما شۆخۇا قارىيە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ خېنەن ئۆلكىسىدىن ما مېيفاڭ قارىيە ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

مۇسابىقىنىڭ 5-ئاينىڭ 30-كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ئاياغلىشىش مۇراسىمىغا مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمى 2-ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ شۆلىن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3-مەھكىمىسى(ئىسلام دىنى مەھكىمىسى)نىڭ باشلىقى گو چېڭجېن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى مۇھەممەد ئەلى يۇ جېنگۈي، ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ، مۇستافا ياڭ جىبو، ئادىل ھاجى كېرەملەر، مەسلىھەتچىلىرى ئابدۇرېھىم ئىمىن، ئەلى لىيۇ شۇشياڭ، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجى، خالىد ياڭ زۇڭشەنلەر، شۇنداقلا، ئىران، پاكىستان، ھىندونېزىيە، سۇدان، تۈركىيە، تۇنىس، قاتار، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ماراكەش، ئىراق، ئومان قاتارلىق ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە كونسۇللىرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بارلىق خادىملىرى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇستاز-تالىپلىرى، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرى بولۇپ جەمئىي 500دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. ئاياغلىشىش مۇراسىمىدا، مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەردىن يەتتە نەپەر قارى ۋە قارىيە نۆۋەت بىلەن سەھنىگە چىقىپ، مۇڭلۇق قىرائەت سادالىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قىرائەت سەۋىيىسىنى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ پاساھەتلىك ھېكمەتلىرىنى تولۇق نامايان قىلدى.

ۋەكىللىك خاراكتېردىكى قارى ۋە قارىيەلەرنىڭ قىرائىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سەھنىدىكى رەھبەرلەر مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچى قارى ۋە قارىيەلەرگە مۇكاپات لوڭقىسى ۋە شاھادەتنامە تارقىتىپ بەردى. ئاخىرىدا، ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن خۇلاسە نۇتقى سۆزلەپ، بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغان دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە ھەر قايسى جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە سەممىي تەشەككۈر ئېيتتى، مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچى قارى ۋە قارىيەلەرنى چىن قەلبىدىن تەبرىكلىدى، ئۇلارنى داۋاملىق تىرىشىپ، قىرائەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، قۇرئان كەرىم ھېكمەتلىرىنى توغرا چۈشىنىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، دىن ئىناقلىقى، جەمئىيەت ئىناقلىقى ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشقا رىغبەتلەندۈردى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3-مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى گو چېڭجېن سۆز قىلىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىسلام دىنى ئىشلىرى خىزمىتى جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

مۇسابىقىنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمى بۇ نۆۋەتتىكى مۇسابىقىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن شىنجاڭلىق غۇلامرەسۇل ئابدۇۋاھىتنىڭ دەبدەبىلىك ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق دۇئاسى بىلەن ئاخىرلاشتى. مۇسابىقىنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمىغا شىنجاڭ خوتەن، ئىلى قاتارلىق جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە غۇلجا ناھىيىسى ئۇيۇشتۇرغان دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىدىكى دىنىي زاتلارمۇ ئىشتىراك قىلىپ چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرۇۋاتقان مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى 1995-يىلىدىن ھازىرغا قەدەر يەتتە نۆۋەت مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى. بۇ مۇسابىقە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا يۈزلەنگەن ۋە مەملىكىتىمىزدە تەجۋىد بويىچە ئۆلچەملىك قىرائەت قىلىشنى ئومۇملاشتۇرۇشنى، مەملىكىتىمىز قارىلىرىنىڭ قىرائەت سەۋىيىسىنى خەلقئارالىق سەۋىيىگە يۈزلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ھازىرقى مەملىكەت ئىچىدىكى كۆلىمى ئەڭ زور قىرائەت مۇسابىقىسى ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزدە يۇقىرى سەۋىيىلىك قۇرئان كەرىم تىلاۋىتىنىڭ نامايان قىلىنىشى بولۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەلدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا مۇشەررەپ بولۇپ كەلمەكتە.(ش)

# ۋەھيى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىلياس ئىسلامبەك

## 1. ۋەھيى

ۋەھيى ئاتالغۇسىنىڭ لۇغەت ۋە شەرىئەتتىكى مەنىسى: ۋەھيىنىڭ لۇغەت مەنىسى:"ئىشارەت قىلىش، يېزىش، ئەلچىلىك يەتكۈزۈش، ئىلھام قىلىش، مەخپىي گەپ قىلىش ۋە باشقىلارغا تاشلاپ بەرگەن سۆز"دېگەن مەنىلەردىن ئىبارەت. ۋەھيىنىڭ لۇغەتتىكى ئەسلى مەنىسى "مەخپىي گەپ قىلىش"، "مەخپىي بىلدۈرۈش" دېگەنلىكتۇر.

ئەرەب تىلىدىكى"وحي إليه" دېگەن سۆز "پالان كىشى يەنە بىرسىگە باشقىلارغا بىلدۈرمەي گەپ قىلدى، كىشىگە بىلدۈرمەي ئىشارەت قىلدى" دېگەنلىك بولۇپ، ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدىكى گەپ ـ سۆزنىڭ مەخپىي قىلىنىشىغا قارىتىلىدۇ.

ۋەھيىنىڭ شەرىئەتتىكى مەنىسى: ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە دىنىي ئىلىم ـ مەرىپەتلەردىن بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىنى دىلىغا تاشلاپ بەرگەن ياكى جىبرىئىل ئارقىلىق مەخپىي ئۆگەتكەنلىكىدىن ئىبارەت.

**ۋەھيى ئاتالغۇسى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەنىلەر:** قۇرئان كەرىمدە "ۋەھيى" ئاتالغۇسى ۋە ئۇنىڭدىن تۈرلىنىپ چىققان سۆزلەر تەخمىنەن 78 ئورۇندا ئۇچرايدۇ. ئەمما ئۇلار ھەرخىل مەنىلەردە كەلگەن بولۇپ، ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) "ۋەھيى" ئاتالغۇسى ئىنسان ۋە ھايۋانغا ئىلھام بىلەن بىلدۈرۈش مەنىسىدە كېلىدۇ:

**مۇسانىڭ ئانىسىغا ئىلھام بىلەن بىلدۈردۇقكى، "مۇسانى ئېمىتكىن،......"**

——سۈرە«قەسەس»(28 ـ سۈرە)، 7 ـ ئايەت

**ئەينى زاماندا مەن ھەۋارىيلارغا:"ماڭا ۋە مېنىڭ پەيغەمبىرىمگە ئىمان ئېيتىڭلار"دەپ ۋەھيى قىلدىم.**

——سۈرە«مائىدە»(5 ـ سۈرە)، 111 ـ ئايەت

بەزىلەر بۇ ئايەتتىكى ئاللاھ تائالانىڭ "ۋەھيى قىلدىم" دېگەن سۆزىنى "ئىلھام قىلدىم" دېگەنلىك بولىدۇ، دەيدۇ(«ئىبنى كەسىر»).

**پەرۋەردىگارىڭ ھەسەل ھەرىسىگە ئىلھام بىلەن بىلدۈردى: تاغلارغا، دەرەخلەرگە ۋە (كىشىلەرنىڭ ھەسەل ھەرىلىرى ئۈچۈن) ياسىغان ئۆيلىرىگە ئۇۋا تۈزگىن.**

——سۈرە«نەھل»(16 ـ سۈرە)، 68 ـ ئايەت

2) "ۋەھيى" ئاتالغۇسى ئىشارەت مەنىسىدە كېلىدۇ:

**زەكەرىيا نامازگاھىدىن قەۋمىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنى ئەتىگەن-ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىشقا ئىشارەت قىلدى.**

——سۈرە«مەريەم»(19 ـ سۈرە)، 11 ـ ئايەت

بۇ ئايەتتىكى "ۋەھيى" سۆزىنىڭ ئىشارەت مەنىسىدە كەلگەنلىكىگە يەنە تۆۋەندىكى ئايەتنى دەلىل قىلىمىز:

www.uyghurkitap.com

ئۇ:"پەرۋەردىگارىم! ماڭا(ئايالىمنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىغا)بىر نىشانە ئاتا قىلغىن"دېدى. ئاللاھ:"ساڭا بولىدىغان نىشانە شۇكى، ئۈچ كۈنگىچە كىشىلەرگە سۆز قىلالمايسەن(يەنى زىكرى تەسبىھ ئېيتىشتىن باشقا سۆزگە تىلىڭ كەلمەيدۇ). پەقەت ئىشارەتلا قىلىسەن،......" دېدى.

——سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 41 ـ ئايەت

3) "ۋەھيى" ئاتالغۇسى بۇيرۇق ۋە ئۆگىتىش مەنىسىدە كېلىدۇ:

بىز نۇھقا:"بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ۋەھيىمىز بويىچە كېمە ياسىغىن، بىزنىڭ بۇيرۇقىمىز يېتىپ كەلگەن ۋە تونۇردىن سۇ ئېتىلىپ چىققان چاغدا، كېمىگە ھايۋانلاردىن(ئەركەك-چىشى بولۇپ) بىر جۈپتىن ئېلىۋالغىن، ئائىلەڭدىكىلەرنىمۇ ئېلىۋالغىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھالاك بولۇشقا ھۆكۈم قىلىنغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. (ئۆزلىرىگە)زۇلۇم قىلغانلار توغرىسىدا ماڭا سۆز ئاچمىغىن(يەنى ئۇلارغا شاپائەت قىلمىغىن)، ئۇلار چوقۇم(توپان بالاسىدا) غەرق قىلىنىدۇ"دەپ ۋەھيى قىلدۇق.

——سۈرە«مۆئمىنۇن»(23 ـ سۈرە)، 27 ـ ئايەت

(ئۇنىڭ مەلۇم قىلىشى)پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇنى شۇنداق قىلىشقا ئەمر قىلغانلىقىدىندۇر.

——سۈرە«زەلزەلە»(99 ـ سۈرە)، 5 ـ ئايەت

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ:"ئاللاھ زېمىنغا سۆزلىگىن! دېدى، شۇنىڭ بىلەن زېمىن سۆزلىدى" دېگەنلىك دېگەن. ئىمام قەرەزى:"ئاللاھ تائالا زېمىننى ئېچىلىشقا(ئۆلۈكلەرنى چىقىرىشقا) بۇيرۇدى" دېگەنلىك دېگەن.

مۇسانىڭ قەۋمى(باياۋاندا) ئۇنىڭدىن سۇ تەلەپ قىلغاندا، مۇساغا:"ھاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن"دەپ ۋەھيى قىلدۇق.

——سۈرە«ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، 160 ـ ئايەت

4) "ۋەھيى" ئاتالغۇسى ئاللاھ تائالانىڭ مالائىكىلەرگە قىلغان بۇيرۇقى مەنىسىدە كېلىدۇ:

ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە:"مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۆمىنلەرنى(ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار، كۇففارلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن"دەپ ۋەھيى قىلدى.

——سۈرە«ئەنفال»(8 ـ سۈرە)، 12 ـ ئايەت

5) ۋەھيى يەنە ئۆزىنىڭ شەرئى(ئىستېمال) مەنىسىدە كېلىدۇ:

(ئى مۇھەممەد!)بىز نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك، ھەقىقەتەن ساڭا ۋەھيى قىلدۇق ھەمدە ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا، يەئقۇبنىڭ ئەۋلادلىرىغا، ئىيساغا، ئەييۇبقا، يۇنۇسقا، ھارۇنغا، سۇلايمانغا ۋەھيى قىلدۇق، داۋۇدقا زەبۇرنى ئاتا قىلدۇق.

——سۈرە«نىسا»(4 ـ سۈرە)، 163 ـ ئايەت

سەندىن ئىلگىرى بىز پەقەت ئەرلەرگىلا ۋەھيى نازىل قىلىپ، ئۇلارنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، (ئى قۇرەيش جامائەسى!) بۇنى بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرى (يەنى تەۋرات ۋە ئىنجىلنى بىلگۈچىلەر)دىن سوراڭلار.

——سۈرە«نەھل»(16 ـ سۈرە)، 43 ـ ئايەت

## ۋەھيىنىڭ تۈرلىرى

ئاللاھ ھەرقانداق ئادەمگە پەقەت ۋەھيى ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىنلا ياكى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ ئۆز ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھيىنى قىلىش ئارقىلىقلا سۆز قىلغان. ئاللاھ ھەقىقەتەن (مەخلۇقاتلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن) ئۈستۈندۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

——سۈرە«شۇرا»(42 ـ سۈرە)، 51 ـ ئايەت

كۆپچىلىك ئۆلىمالار يۇقىرىقى ئايەتكە ئاساسەن ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم بەندىسىگە ئۈچ تۈرلۈك يول بىلەن خىتاب قىلىدىغانلىقىغا بىرلىككە كېلىشكەن.

1. ۋەھيى يولى:

بۇ خىلدىكى ۋەھيى قەلبكە ئىلھام قىلىش ياكى راست چۈش شەكلىدە بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى چۈشىدە قۇربانلىق قىلىپ چۈشىگەنلىكى بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ.

ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىش-كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم:"ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا(ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ)، ئويلاپ

**باقتىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟"دېدى. ئۇ ئېيتتى:"ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، خۇدا خالىسا(ئۇنىڭغا) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن".**

——سۈرە«سافقات»(37 ـ سۈرە)، 102 ـ ئايەت

شۇنداقلا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشىنىڭ چۈشىدە بىلدۈرۈلگەنلىكىمۇ مۇشۇ خىلدىكى ۋەھىيگە كىرىدۇ:

**ئاللاھ پەيغەمبىرىگە، ھەق رەۋىشتە، ھەقىقىي راست چۈش كۆرسەتتى. (ئى مۇھەممەد! سەن ۋە ساھابىلىرىڭ) خۇدا خالىسا(دۈشمەنلەردىن) ئەمىن بولغان، (بەزىلىرىڭلار) باشلىرىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار) قىرقىغان ھالدا، قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرەمگە كىرىسىلەر، ئاللاھ(سۈلھىتىكى) سىلەر بىلمەيدىغان (پايدىنى) بىلىدۇ. ئاللاھ بۇنىڭدىن بۇرۇن(سىلەرگە) يېقىن بىر غەلىبىنى(يەنى خەيبەرنىڭ پەتھىسىنى مۇيەسسەر) قىلدى.**

——سۈرە«فەتھ»(48 ـ سۈرە)، 27 ـ ئايەت

2. پەردە ئارقىسىدا سۆزلەش:

يەنى ئاللاھ تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنى كۆرسەتمەي ئاۋازىنى ئاڭلىتىپ بىۋاسىتە سۆزلىشى مۇشۇ خىلدىكى ۋەھىيگە كىرىدۇ.

**مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە ۋادىنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ گىرۋىكىگە توغرا كېلىدىغان مۇبارەك جايدىكى دەرەخ تەرەپتىن(مۇنداق) نىدا ئاڭلاندى:"ئى مۇسا، (ساڭا سۆز قىلىۋاتقان) مەن، ھەقىقەتەن، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھدۇرمەن. سەن ھاساڭنى تاشلىغىن". مۇسا ھاسىسىنىڭ گويا ئەجدىھادەك تېز ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچتى، كەينىگە قارىمىدى، (نىدا قىلىندىكى)"ئى مۇسا! ئالدىڭغا ماڭغىن، قورقمىغىن، سەن ھەقىقەتەن (قورقۇنچتىن) ئەمىن بولغۇچىلاردىنسەن. قولۇڭنى قوينۇڭغا سالغىن، ئۇ ھېچقانداق ئىللەتسىز(بىر پارچە ئايدەك پارلاپ) ئاپئاق بولۇپ چىقىدۇ، قورقۇنچىنى دەپئى قىلىش ئۈچۈن، قولۇڭنى يىغىۋالغىن (يەنى قوينۇڭغا سېلىۋالغىن)، بۇ ئىككىسى پىرئەۋنگە (ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ) چوڭلىرىغا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن كەلگەن پاكىتتۇر، ئۇلار ھەقىقەتەن(بىزنىڭ ئىتائىتىمىزدىن چىققۇچى) پاسىق قەۋم ئىدى".**

——سۈرە«قەسەس»(28 ـ سۈرە)، 30 — 32 ـ ئايەتلەر

3. پەرىشتىلەرنى ۋاستە قىلىش:

**ئىنسانلارنىڭ بىرىگە(يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا): ئىنسانلار(يەنى كۇففارلار)نى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغىن، مۆمىنلەرگە پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن) يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇشخەۋەر بەرگىن، دەپ ۋەھيى قىلغانلىقىمىزدىن ئۇلار ئەجەبلىنەمدۇ؟ كۇففارلار:"بۇ ھەقىقەتەن ئاشكارا سېھىرگەردۇر"دېدى.**

——سۈرە«يۇنۇس»(10 ـ سۈرە)، 2 ـ ئايەت

**(ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ. ۋەھيىنى ئۇنىڭغا كۈچلۈك پەرىشتە(جىبرىئىل) تەلىم بەردى.**

——سۈرە«نەجم»(53 ـ سۈرە)، 3 — 4 ـ ئايەتلەر

**ئاللاھ بەندىسىگە (جىبرىئىل ئارقىلىق تېگىشلىك) ۋەھيىلەرنى ۋەھيى قىلدى.**

——سۈرە«نەجم»(53 ـ سۈرە)، 10 ـ ئايەت

**ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە خالىغان بەندىلىرىگە پەرىشتىلەرنى ۋەھيى بىلەن نازىل قىلىپ(مۇنداق دەيدۇ): "(ئىنسانلارنى)ئاگاھلاندۇرۇڭلاركى، مەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مەندىن(يەنى ئازابىمدىن) قورقۇڭلار".**

——سۈرە«نەھل»(16 ـ سۈرە)، 2 ـ ئايەت

## ۋەھيىنىڭ كېلىش شەكلى

ۋەھيىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈشى 23 يىل داۋاملاشتى. بىز بۇ جەرياندىكى ۋەھيىنىڭ نازىل بولۇشىغا دىققەت قىلغىنىمىزدا ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرقانچە خىل ئوخشىمىغان شەكىللەردە چۈشۈرگەنلىكىنى بايقايمىز.

1) راست چۈش: ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى خۇددى تاڭ نۇرىدەك روشەن ۋە سۈزۈك ئىدى.

uyghurkitap.com

ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىدىغان ۋەھيى دەسلەپتە راست چۈشلەردىن باشلانغان، ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى تاڭ نۇرىدەك روشەن ئىدى. كېيىن ئۇ يالغۇزلۇقنى ياقتۇرۇپ قالدى، ئۇ ھىرا غارىدا ئۆيگە قايتماي قانچىلىغان كېچىلەردە يالغۇز ئىستىقامەت قىلاتتى.

**2) قەلبكە ئىلھام قىلىش:** ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**جىبرىئىل مېنىڭ قەلبىمگە: 'قانداقلا جان ئىگىسى ئۆز رىزقىنى تولۇق قولغا كەلتۈرمەي ئۆلمەيدۇ، رىزىق تەلپىنى ياخشى (ھالال كەسىپ بىلەن ھەقىقىي تىرىشىپ) قىلىڭلار! رىزىق قولۇڭلارغا تېز كەلمەي قالسا ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش يولى بىلەن رىزىق ئىزدىمەڭلار، ئاللاھ ئالدىدىكى رىزىق ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش يولى بىلەن تەلەپ قىلىنىدۇ' دېگەن سۆزنى تاشلىدى**" دېگەن. بۇ پەرىشتىنىڭ ۋەھيىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە ئىلقا قىلىشى (تاشلىشى) بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرىشتىنى كۆزى بىلەن كۆرمەيتتى.

**3) قوڭغۇراق ئاۋازىدەك جاراڭلىق ئاۋازدا كېلىش:** بۇ خىلدىكى ۋەھيىنىڭ بېسىمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ ئېغىر تۇيۇلىدىغان بولۇپ، ۋەھيى پەرىشتىسى ئاشۇ ئاۋاز بىلەن بىرگە كېلەتتى، ئۇنى قاتتىق چارچىتىۋېتەتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھارىس ئىبنى ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى رەسۇلۇللاھ، ساڭا ۋەھيى قايسى رەۋىشتە كېلىدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋابەن: "**ۋەھيى ماڭا گاھىدا قوڭغۇراق ئاۋازىدەك جاراڭلىق كېلىدۇ، بۇ خىلى ماڭا ئەڭ قىيىن تۇيۇلىدۇ، پەرىشتە مەندىن ئايرىلىدۇ-دە، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئېسىمگە ئېلىۋالىمەن**" دېگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق سوغاق كۈنلەردە ۋەھيى كېلىپ، پەرىشتە ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشانىسىدىن چىپىلداپ تەر ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم".

ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا كۆرۈلىدىغان ھەرخىل ھالەتلەر ئىلاھىي كالامنىڭ ۋەزنىنىڭ ئىنسان تەبىئىتىگە ئېغىر تۇيۇلىدىغانلىقىدىندۇر.

ئاللاھ تائالا سۈرە «مۇززەممىل» (73 ـ سۈرە)نىڭ 5 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ:

**ساڭا ھەقىقەتەن تەنتەنىلىك قۇرئاننى نازىل قىلىمىز.**

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى توغرىسىدا ھەسەن ۋە قەتادە بۇ: "ساڭا بىز ئەمەل قىلىش ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك بولغان قۇرئاننى نازىل قىلىمىز" دېگەنلىك دەيدۇ. بەزى تەپسىرشۇناسلار بۇ: "كاتتىلىقىدىن نازىل قىلىنغان ۋاقىتتا ئېغىر تۇيۇلىدىغان قۇرئاننى نازىل قىلىمىز" دېگەنلىك دەيدۇ. بۇ ھەقتە زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان نازىل قىلىنغاندا، ئۇنىڭ يوتىسى مېنىڭ يوتامنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، ئېغىرلاشقانلىقىدىن يوتام ئېزىلىپ كەتكىلى تاسلا قالغان ئىدى" («ئىبنى كەسىر»).

ئاللاھ تائالا سۈرە «ھەشر» (59 ـ سۈرە)نىڭ 21 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ:

**ئەگەر بىز بۇ قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ ئاللاھدىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ، بىز بۇ مىساللارنى كىشىلەرگە ئۇلار (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى) پىكىر قىلسۇن دەپ بايان قىلىمىز.**

ئىمام ئەھمەد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: "**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىنغاندا ئۇ ئۇلاق ئۈستىدە بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئۇلىقى بويىنىنى سىلكىپ كېتەتتى**" («ئىبنى كەسىر»).

ئىمام ئەھمەد ئابدۇللا ئىبنى ئەمرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: "مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ۋەھيى نازىل بولغانلىقىنى ھېس قىلامسەن؟ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**جىرىڭشىغان قاتتىق ئاۋازنى ئاڭلايمەن، شۇ چاغدا شوك تۇرىمەن، ھەر قېتىم ماڭا ۋەھيى قىلىنغاندا، جېنىم چىقىپ كېتىدىغان**

بولدى دەپ ئويلاپ قالىمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

4) پەرىشتە ئادەم سۈرىتىدە كېلىپ يەتكۈزۈش: پەرىشتە ئادەم سۈرىتىدە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوئال سوراش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىسلام دىنى بىلىملىرىدىن خەۋەرلەندۈردى. ئەينى ۋاقىتتا پەرىشتىنىڭ ئادەم سۈرىتىدە كەلگەنلىكىنى ساھابىلەرمۇ كۆرگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تۇراتتى، بىر ئادەم كېلىپ ئۇنىڭدىن: «ئىمان دېگەن نېمە؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىمان دېگەن ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، ئاللاھقا مۇلاقەت بولۇشقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئېتىقاد قىلىش» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم: «ئىسلام دېگەن نېمە؟» دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىسلام دېگەن، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىك، پەرز نامازلارنى ئوقۇش، پەرز زاكاتنى بېرىش، رامىزان روزىسىنى تۇتۇش» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم: «ئېھسان دېگەن نېمە؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئېھسان دېگەن ئاللاھقا خۇددى ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىش، گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرمىسەڭمۇ ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم: «قىيامەت قاچان بولىدۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جاۋاب بەرگۈچى ئادەم سورىغۇچىدىن ئارتۇق كەلمەيدۇ، قىيامەتنىڭ ئالدىن بولىدىغان ئالامەتلىرىدىن خەۋەر بېرەي: دېدەك ئۆزىنىڭ خوجايىنىنى تۇغقان چاغدا، پادىچىلار چوڭ ئىمارەتلەرنى سېلىش بىلەن پەخىرلەنگەن چاغدا قىيامەت يېقىنلاشقان بولىدۇ. قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بىلىش مەسىلىسى ئاللاھدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان بەش تۈرلۈك غەيب نەرسىنىڭ ئىچىدە بار» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ» دېگەن ئايەتنى ئاخىرغىچە ئوقۇدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئادەم بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىڭلار» دېدى. ساھابىلەر قارىۋىدى، ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ جىبرىئىل بولىدۇ، كىشىلەرگە ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرىنى تەلىم بەرگىلى كەلگەن» دېدى.

5) پەرىشتە ئەسلى قىياپىتىدە كېلىپ ئاللاھنىڭ ئىزنى قىلغىنىنى يەتكۈزۈش: ۋەھيى بۇ خىل شەكىلدە نازىل بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيى پەرىشتىسىنى ئەسلى قىياپىتىدە كۆرەتتى. پەرىشتە ئۇنىڭغا ئاللاھ خالىغان ۋەھيىلەرنى يەتكۈزەتتى. سۈرە «نەجم»دە زىكرى قىلىنغىنىدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرىشتىنى ئىككى قېتىم كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان.

(ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ. ۋەھيىنى ئۇنىڭغا كۈچلۈك پەرىشتە (جىبرىئىل) تەلىم بەردى. ئۇنىڭ (يەنى جىبرىئىلنىڭ) كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولۇپ، يۇقىرى ئۇپۇقتا (ئۆز شەكلىدە) تۇردى. ئاندىن ئۇ ئاستا-ئاستا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) يېقىنلىشىپ تۆۋەنگە ساڭگىلىدى. ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق يېقىنلاشتى. ئاللاھ بەندىسىگە (جىبرىئىل ئارقىلىق تېگىشلىك) ۋەھيىلەرنى ۋەھيى قىلدى. ئۇنىڭ كۆرگىنىنى دىلى ئىنكار قىلمىدى (يەنى راست كۆردى). (ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى ئۈستىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە قىلىشامسىلەر؟ ئۇ جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن ئىككىنچى قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھا (دەرىخىنىڭ) يېنىدا كۆردى.

—— سۈرە «نەجم» (53 ـ سۈرە)، 3 ــ 14 ـ ئايەتلەر

ئىمام ئەھمەد، ئىبنى مەسئۇدتىن «ئۇ جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن ئىككىنچى قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھا (دەرىخىنىڭ) يېنىدا كۆردى» دېگەن بۇ ئايەت ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن جىبرىئىلنى كۆردۈم، ئۇنىڭ 600 قانىتى بولۇپ، ئۇنىڭ پەيلىرىدىن رەڭگارەڭ نۇر جۇلالىنىپ، مەرۋايىت ۋە ياقۇتتەك نەرسىلەر تۆكۈلۈپ تۇراتتى». ئىمام ئەھمەد يەنە ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلنى ئۆز شەكلىدە كۆردى. ئۇنىڭ 600 قانىتى بولۇپ، ھەربىر قانىتى ئۇپۇقنى توسۇۋالاتتى، ئۇنىڭ قانىتىدىن رەڭگارەڭ نۇر

www.uyghurkitap.com

ۋە ياقۇتتەك نەرسىلەر تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئاللاھ ئوبدان بىلگۈچىدۇر" («ئىبنى كەسىر»).

6) بىۋاستە يەتكۈزۈش: بۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە پەرىشتىنى ۋاستە قىلماستىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سۆزلىگىنىدەك بىۋاستە سۆز قىلىشىدۇر. بۇ خىل مەرتىۋىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇيەسسەر بولغانلىقى تۆۋەندىكى ئايەتلەردە نەقىل قىلىنغان:

**مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە نىدا قىلىندىكى، "ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭدۇرمەن، كەشىڭنى سالغىن، سەن ھەقىقەتەن مۇقەددەس ۋادى بولغان تۇۋادىسەن. مەن سېنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدىم، سەن ۋەھيىگە قۇلاق سالغىن".**

ـــ سۈرە «تاھا» (20 ـ سۈرە)، 11 ـــ 13 ـ ئايەتلەر

سۈرە «قەسەس» (28 ـ سۈرە) نىڭ 30 ـ ئايىتىدە مۇنداق كەلگەن:

**مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە ۋادىنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ گىرۋىكىگە توغرا كېلىدىغان مۇبارەك جايدىكى دەرەخ تەرەپتىن (مۇنداق) نىدا ئاڭلاندى: "ئى مۇسا، (ساڭا سۆز قىلىۋاتقان) مەن، ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھدۇرمەن".**

**7) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىئراجغا چىققاندا، يەتتىنچى ئاسماندا ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ناماز ۋە باشقا ئەمەللەرنى پەرز قىلىپ نازىل قىلغان ۋەھيىسىدۇر.**

ۋەھيىنىڭ يۇقىرىدىكى يەتتە خىل كېلىش شەكىللىرىنى بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم بەندىسىگە ئۈچ تۈرلۈك يول بىلەن خىتاب قىلىدىغانلىقىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

ۋەھيىنىڭ راست چۈش، قەلبىگە ئىلھام بىلەن تاشلاش، قوڭغۇراق ئاۋازىدەك جاراڭلىق ئاۋازدا يەتكۈزۈلۈشى ۋەھيىنىڭ بىرىنچى تۈرىگە يەنى ۋەھيى يولى بىلەن يەتكۈزۈلگەن تۈرىگە كىرىدۇ.

پەرىشتىنىڭ ئادەم سۈرىتىدە ۋە ئەسلى قىياپىتىدە كېلىپ ئاللاھ ئىزنى قىلغانىنى يەتكۈزۈشى ۋەھيىنىڭ ئۈچىنچى تۈرىگە يەنى پەرىشتىنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق يەتكۈزۈش تۈرىگە كىرىدۇ.

ۋەھيىنىڭ بىۋاستە يەتكۈزۈلۈشى ئىككىنچى تۈرگە يەنى "ياكى پەردە ئارقىسىدىنلا" سۆز قىلغانلىقىغا كىرىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانى كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى. بىراق ئاللاھ تائالا ئۆزىنى پەردە ئارقىسىغا ئالغاچقا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنى كۆرەلمىدى («ئىبنى كەسىر»).

## 2. ۋەھيىنىڭ نازىل بولۇش جەريانى

### تۇنجى ۋەھيى

ئىشەنچلىك تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، تۇنجى ۋەھيى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا 610 ـ يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 21 ـ كۈنى، يەنى دۈشەنبە كۈنىدىن تارتىپ كېلىشكە باشلىغان. بۇ دەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت، چۈشەنچە جەھەتتە ئەڭ يېتىلگەن، قىرانلىق ئالتۇن دەۋرى بولغان 40 ياشقا توشقان مەزگىلى ئىدى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىدىغان ۋەھيى دەسلەپتە راست چۈشلەردىن باشلانغان، ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى تاڭ نۇرىدەك روشەن ئىدى. كېيىن ئۇ يالغۇزلۇقنى ياقتۇرۇپ قالدى، ئۇ ھىرا غارىدا ئۆيىگە قايتماي قانچىلىغان كېچىلەر يالغۇز ئىستىقامەت قىلاتتى، ئىستىقامەتكە چىققاندا ئوزۇقلۇق ئېلىۋالاتتى. ئىستىقامەتتىن بوشىغاندا ئائىلىسى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، ئىككىنچى قېتىم چىقىش ئۈچۈن تەييارلىناتتى. بۇ ئىش ھىرا غارىدا ئۇ زاتقا پەيغەمبەرلىك ۋەھيى كەلگەنگە قەدەر داۋام قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا پەرىشتە كېلىپ: ئوقۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "**پەرىشتە مېنى تۇتۇپ قاتتىق سىقىپ قويۇۋېتىپ، ئوقۇ، دېدى. مەن، ئوقۇشنى ئۇقمايمەن، دېدىم. مېنى ئىككىنچى قېتىم تۇتۇپ قاتتىق سىقىپ قويۇۋېتىپ، ئوقۇ، دېدى. مەن ئوقۇشنى ئۇقمايمەن، دېدىم. ئۈچىنچى قېتىم يەنە تۇتۇپ سىقىپ قويۇۋەتكەندىن كېيىن: 'ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ**

**ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنسانىنى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر** ‘ دېدى“ (سۈرە«ئەلەق»(96 ـ سۈرە)1 ـ 3 ـ ئايەتلەر).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرىشتە بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا پەيدا بولغان قورقۇنچ بىلەن خەدىچە(مۇمىنلەرنىڭ ئانىسى)نىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، قورقۇنچىسىنى بېسىش ئۈچۈن: مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، يۆگەپ قويۇڭلار، دېدى. ئۇ قورقۇنچىسى تۈگىگىچە يۆگەپ قويۇلدى، ئۇ خەدىچەگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ: ئۆزۈم توغرىسىدا قورقۇپ قالدىم، دېدى. خەدىچە: ”ئۇنداق ئەمەس، ئەزبىرايى خۇدا، ئاللاھ سېنى ھەرگىز رەسۋا قىلمايدۇ، چۈنكى سەن خىش ـ ئەقرىبالارغا شەپقەت قىلىسەن، ئاجىز، بىچارىلەرگە ياردەم قىلىسەن، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىسەن، مېھمانلارنى ياخشى كۈتۈۋالىسەن، بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرگە ياردەم قىلىسەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن خەدىچە ئۇنى تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل ئىبنى ئەسەد ئىبنى ئابدۇلئۇززانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ۋەرەقە جاھىلىيەت دەۋرى(مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلامغا دەۋەت قىلىشتىن بۇرۇنقى دەۋر)دە خرىستىئان دىنىغا كىرگەن ئىدى. ئىبرانىي يېزىقىنى بىلەتتى، ئىبرانىي يېزىقى بىلەن ئىنجىلدىن كۆپ نەرسىلەرنى يازاتتى. ئۇ ياشانغان، كۆزى ئەما بولۇپ قالغان بوۋاي ئىدى. ھەزرىتى خەدىچە ۋەرەقەگە:”ئى تاغامنىڭ ئوغلى، قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سال“ دېدى. ۋەرەقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:”ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، نېمە بولدۇڭ؟“ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ كۆرگەنلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى. ۋەرەقە ئۇنىڭغا:”ئاللاھ مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرگەن شەرىئەت مۇشۇ، ئىسىت، مەن سېنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغان ۋاقتىلىرىڭدا ياش يىگىت بولغان بولسامچۇ، ئىسىت، مەن خەلقىڭ سېنى يۇرتۇڭدىن ھەيدەپ چىقارغان ۋاقتىدا ھايات بولسامچۇ“ دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەجەبلىنىپ :”**خەلقىم مېنى يۇرتۇمدىن ھەيدەپ چىقىرامدۇ؟**“ دېدى. ۋەرەقە:”ھەئە، ھەيدەپ چىقىرىدۇ، پەيغەمبەر بولغان ئادەم دۈشمەنلىك بولىدۇ، سېنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغان چاغلىرىڭدا ھايات بولغان بولسام، ساڭا يېقىندىن ياردەم قىلاتتىم“ دېدى.

بۇ ھەدىس سەھىھەيىن ۋە باشقا ھەدىس كىتابلىرىدىمۇ مۇشۇنداق بايان قىلىنغان.

## ۋەھيى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇددەت

تۇنجى قېتىملىق ۋەھيى نازىل بولۇپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ۋەرەقە ۋاپات بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى كېلىشمۇ بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالدى. ۋەھيىنىڭ قانچىلىك ۋاقىت ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى توغرىسىدا تارىخچىلارنىڭ پىكىرلىرى ئوخشاش ئەمەس. بەزىلەر ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغان ۋاقتىنىڭ پەقەت بىر قانچە كۈنلا داۋاملاشقانلىقىنى نەقىل قىلىدۇ.

ئەۋفىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننىڭ چۈشۈشى باشلىنىپ بولغاندىن كېيىن، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىر قانچە كۈن ۋەھيى ئېلىپ چۈشمىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلار: مۇھەممەدنى پەرۋەردىگارى تاشلىۋېتىپتۇ، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا:”**چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قەسەمكى، قاراڭغۇلۇقى(ئەتراپنى قاپلىغان) چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەمكى، (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ سېنى تاشلىۋەتكىنىمۇ يوق، يامان كۆرۈپ قالغىنىمۇ يوق. ساڭا ئاخىرەت ئەلۋەتتە دۇنيادىن ياخشىدۇر، پەرۋەردىگارىڭ ساڭا(ئاخىرەتتە ساۋاب، ھۆرمەت ۋە شاپائەت قاتارلىقلارنى) ئاتا قىلىدۇ، سەن مەمنۇن بولىسەن. ئۇ سېنى يېتىم بىلىپ پاناھ بەرمىدىمۇ؟ قايمۇققان بىلىپ ھىدايەت قىلمىدىمۇ؟ سېنى يوقسىز بىلىپ(كىشىلەردىن) بىھاجەت قىلمىدىمۇ؟ يېتىمنى خارلىما. سائىلغا قوپاللىق قىلما. پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ساڭا بەرگەن) نېمىتىنى(كىشىلەرگە) سۆزلەپ بەرگىن(چۈنكى نېمەتنى سۆزلەپ بەرگەنلىك نېمەتكە شۈكۈر قىلغانلىق بولىدۇ)**“{سۈرە«زۇھا»(93 ـ سۈرە)، 1 ـ 11 ـ ئايەتلەر}دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

لېكىن ۋەھيىنىڭ 40 كۈن ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى ھەققىدىكى پىكىر ئىشەنچلىكرەك. ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق ئېغىر تۇيۇلدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆزى بىلەن بەندىلىرى ئارىسىدا ۋاستە بولۇشقا تاللىغانىدى. ئەمدىلىكتە بولسا ئۇ ئاللاھنىڭ بۇ چوڭ

نىمىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايتتى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم جابىر ئىبنى ئابدۇللادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيى توختاپ قالغان مۇددەت ھەققىدە سۆزلەپ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ”بىر كۈنى مەن كېتىۋېتىپ تۇساتتىنلا ئاسمان تەرەپتىن بىر ئاۋاز ئاڭلىدىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىسام، ھىرا غارىدا يېنىمغا كەلگەن پەرىشتە ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىغا بىر كەلگەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ھالەتتە تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن قورقۇپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتۈم. ھوشۇمغا كەلگەندىن كېيىن ئۆيۈمگە كېلىپ: 'مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، مېنى يۆگەپ قويۇڭلار' دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا: 'ئى(ۋەھيى نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى(پەيغەمبەر!). تۇر! (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر. پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا كىيىمىڭنى پاك تۇت. ئازابتىن (يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن)يىراق بول...'
{سۈرە«مۇددەسسىر»(74 ـ سۈرە)، 1ـــ5 ـ ئايەتلەر}
دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئاندىن كېيىن ۋەھيى ئارقا-ئارقىدىن توختىماي نازىل بولدى“.



ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: ”بۇ (يەنى ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا ۋەھيى نازىل بولۇش تۈپەيلى پەيدا بولغان قورقۇنچنى يوقىتىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋەھيىگە سېغىندۇرۇش ئۈچۈن ئىدى“.

يىغىپ ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېڭىدىن تېگىرقاش تۇمانلىرى ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، ھەقىقەتنىڭ يوللىرى روشەن، ئېنىق كۆرۈلۈشكە باشلىغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز بۈيۈك ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىگە ئاسمان خەۋىرىنى يەتكۈزىدىغان پەرىشتىنىڭ ۋەھيى ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ۋەھيىنى سېغىنىشى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا، مۇشۇ يولدا دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلارغا قارىتا سابىت بەرقەدەملىك تۇيغۇسى ۋە مۇستەھكەم ئىرادە تىكلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىككىنچى قېتىم ۋەھيى ئېلىپ چۈشتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيىنى تاپشۇرۇۋېلىشنى ئۆگىتىش

**(ساڭا جىبرىئىل ئارقىلىق ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقاندا، ئۇنى ئېسىڭگە ئېلىۋېلىش ئۈچۈن) ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. ئۇنى توپلاش ۋە ئوقۇپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. ساڭا ئۇنى ئوقۇپ بەرگىنىمىزدە(يەنى جىبرىئىل ساڭا ئوقۇپ بەرگەندە)، ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئەگەشكىن. ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر.**

ـــسۈرە«قىيامەت»(75 ـ سۈرە)، 16ــ19 ـ ئايەتلەر

مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ پەرىشتىدىن ۋەھيىنى قانداق تاپشۇرۇپ ئالىدىغانلىقىنى ئۆگىتىشىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا ئالدىراپ كېتەتتى ۋە ئۇنى پەرىشتە بىلەن تەڭلا ئوقۇيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەرىشتە ئۇنىڭغا ۋەھيىنى ئېلىپ كەلگەندە، پەرىشتىگە قۇلاق سېلىشقا بۇيرىدى. ۋەھيىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىلىغا توپلاشقا، ئۇنىڭ ۋەھيىنى ئاللاھ تائالا چۈشۈرگەندەك ئادا قىلىشىغا، ئۇنىڭغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىشكە ۋە ۋەھيىنى ئۇنىڭغا روشەن، ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىشكە ئۆزىنىڭ كېپىل ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

يۇقىرىقى ئايەتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشىنىڭ بىرنەچچە باسقۇچقا بۆلۈنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىرىنچى باسقۇچتا ئاللاھ تائالا ۋەھيىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىلىغا توپلايدۇ. ئىككىنچى باسقۇچتا ۋەھيىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇتىدۇ. ئۈچىنچى باسقۇچتا ۋەھيىنىڭ مەنىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوچۇقلاپ بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا سۈرە«تاھا»(20 ـ سۈرە)نىڭ 114 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ:

**ئاللاھ(زاتى، سۈپىتى جەھەتتە پۈتۈن مەخلۇقاتتىن) ئۈستۈندۇر، ھەق پادىشاھتۇر، (ئى مۇھەممەد!) ساڭا قۇرئاننىڭ ۋەھيىسى تاماملىنىشتىن بۇرۇن ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمىگىن(يەنى جىبرىئىل ساڭا قۇرئاننى ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا، بىللە ئوقۇشقا ئالدىراپ كەتمەي، ئۇ تىلاۋەتتىن فارىغ بولغۇچە تىڭشاپ تۇرغىن).**

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشۈرۈلگەن ۋەھيىنى (ياد ئېلىۋېلىشنىڭ) قاتتىق ئامالىنى قىلىپ ئىككى كالپۇكىنى مىدىرلىتىپ كېتەتتى. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كالپۇكىنى مىدىرلاتقانلىقى ئۈچۈن) ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى:‘(ساڭا جىبرىئىل ئارقىلىق ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقاندا ئۇنى ئېسىڭغا ئېلىۋېلىش ئۈچۈن) ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما. ئۇنى توپلاش ۋە ئوقۇپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. ساڭا ئۇنى ئوقۇپ بەرگىنىمىزدە (يەنى جىبرىئىل ساڭا ئوقۇپ بەرگەندە)، ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئەگەشكىن. (يەنى ئۇنىڭغا قۇلاق سالغىن ۋە شۈك تۇرغىن) ئاندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر‘. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتلەر نازىل بولغاندىن كېيىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام (ۋەھيىنى ئوقۇپ بەرگەندە تىڭشاپ تۇرۇپ) ئۇ كەتكەندە ئۇنى خۇددى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئوقۇپ بەرگەندەك ئوقۇيتتى“ (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىنى ئېگىپ گەپ قىلماي شۈك تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كەتكەندىن كېيىن، ۋەھيىنى خۇددى ئاللاھ تائالا ۋەدە قىلغاندەك ئوقۇيتتى.

## 3. ۋەھيىنىڭ تەدرىجىي چۈشۈرۈلۈشىدىكى ھېكمەت

ۋەھيى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرلا قېتىمدا نازىل بولغان ئەمەس، ھەممىدە بۈگۈنكى تەرتىپى بويىچىمۇ نازىل بولغان ئەمەس. ۋەھيىنىڭ 13 يىلى مەككىدە، قالغان 10 يىلى مەدىنىدە نازىل بولدى. ۋەھيىنىڭ بىرلا قېتىمدا چۈشۈرۈلمەي، تەدرىجىي نازىل قىلىنغانلىقىنى تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

**1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىلىنى مۇستەھكەملەش:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەينى ۋاقىتتىكى مەككە مۇشرىكلىرىنى ئىسلامغا ئاشكارا دەۋەت قىلىشقا ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ ھەرخىل ئەزىيەتلىرىگە، چىدىغۇسىز تىل ھاقارەتلىرىگە دۇچ كېلىدۇ. ئاللاھ زېمىنىسگە يۈكلىگەن ۋەزىپىنى ئادا قىلىش يولىدا، ئىلگىرى ئۆزىنى ياخشى كۆرۈدىغان، ھەتتا ”مۇھەممەد ئەمىن“ دەپ ئاتايدىغان قەۋمىنىڭ ئەمدىلىكتە ئۆزىدىن يىراقلىشىۋاتقانلىقىنى، پەيغەمبەرلىكىنى يالغانغا چىقىرىۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ. مانا مۇشۇنداق چاغدا ئاللاھ تائالادىن ئۇنىڭ قەلبىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، قەۋمىدىن كېلىۋاتقان كەمسىتىش، مەسخىرە قىلىشلارغا پىسەنت قىلمايدىغان، دەۋەتنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىرادىسىنى كۈچەيتىدىغان ۋەھيىلەر نازىل بولۇپ تۇراتتى.

**سېنىڭ دىلىڭنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى پارچە-پارچە نازىل قىلدۇق، ئۇنى ئايرىم-ئايرىم نازىل قىلدۇق.**

—سۈرە «فۇرقان» (25 - سۈرە)، 32 - ئايەت

**ئەگەر ئۇلار قۇرئانغا ئىمان ئېيتمىسا، ئەپسۇسلىنىپ، ئۇلارنىڭ (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن.**

—سۈرە «كەھف» (18 - سۈرە)، 6 - ئايەت

**ئۇلارنىڭ سۆزى سېنى قايغۇغا سالىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، ئۇلار سېنى (ئىچىدە) ئىنكار قىلمايدۇ (لېكىن ئۇلار تەرسالىقتىن ئىنكار قىلىدۇ)، (ھەقىقەتتە) زالىملار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنكار قىلىندى، ئۇلار ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ۋە ئۆزلىرىگە يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلدى، ئاخىر ئۇلار بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشتى.**

—سۈرە «ئەنئام» (6 - سۈرە)، 33—34 - ئايەتلەر

**(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سېنى يالغانغا چىقارغان بولسا (قايغۇرۇپ كەتمىگىن)، سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەن، مۆجىزىلەرنى، كىتابلارنى (يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان سەھىپىلەرگە ئوخشاش ساماۋى كىتابلارنى) ۋە نۇرلۇق كىتابنى (يەنى تەۋرات، ئىنجىلغا ئوخشاشلارنى) ئېلىپ كەلگەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرمۇ يالغانغا چىقىرىلغان ئىدى.**

—سۈرە «ئال ئىمران» (3 - سۈرە)، 184 - ئايەت

رەسۇلۇللاھقا قەۋمى قاچانلا ئەزىيەت يەتكۈزۈپ ئۇنى غەم - قايغۇغا مۇپتىلا قىلسا، ئاللاھدىن ۋەھيى

www.uyghurkitap.com

چۈشۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش سەۋرى ـ تاقەت قىلىشقا ھەمدە ئۇنى يالغانغا چىقارغۇچىلارنى ئۆزىگە (ئاللاھقا)قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇپ، ئۇلارنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى پات يېقىندا بېرىدىغانلىقى ھەققىدە كاپالەت بېرىش ئارقىلىق ئۇ زاتنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلاتتى.

**(ئى مۇھەممەد!) سەن(مۇشرىكلارنىڭ سالغان جاپاسىغا) ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن.**

—— سۈرە«ئەھقاف»(46 ـ سۈرە)، 35 ـ ئايەت

**ئۇلارنىڭ(يەنى مەككە كۇففارلىرىنىڭ) (سېنى سېھىرگەر، شائىر، مەجنۇن دېگەن) سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، ئۇلارنى چىرايلىقچە تەرك ئەتكىن. (ئى مۇھەممەد! مېنىڭ ئايەتلىرىمنى) ئىنكار قىلغۇچى دۆلەتمەنلەرنى ماڭا قويۇۋەتكىن (يەنى ئۇلارنىڭ جازاسىنى ئۆزۈم بېرىمەن)، ئۇلارغا ئازغىنە مۆھلەت بەرگىن.**

—— سۈرە«مۇززەممىل»(73 ـ سۈرە)، 10 ـ 11 ـ ئايەتلەر

**(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار(يەنى مۇشرىكلار)نىڭ سۆزى(يەنى سېنى ئىنكار قىلغانلىقى) سېنى غەمكىن قىلمىسۇن.**

—— سۈرە«ياسىن» (36 ـ سۈرە)، 76 ـ ئايەت

**(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ(ساڭا سەن پەيغەمبەر ئەمەسسەن دېگەن) سۆزى سېنى قايغۇغا سالمىسۇن، پۈتۈن كۈچ-قۇۋۋەت ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ(ئاللاھ ساڭا مەدەتكاردۇر).**

—— سۈرە«يۇنۇس»(10 ـ سۈرە)، 65 ـ ئايەت

**ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ.**

—— سۈرە«مائىدە»(5 ـ سۈرە)، 67 ـ ئايەت

دېمەك، رەسۇلۇللاھ يېڭى بىر مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە، ۋەھيى ئۇنىڭ ھەمراھى، ياردەمچىسى، يېتەكچىسى ۋە قىيىنچىلىقلار ئالدىدا تەسەللىسى ئىدى.

2) يادقا ئېلىش ۋە چۈشىنىشكە قولايلىق يارىتىپ بېرىش: ئاللاھ تائالا خەت يازالمايدىغان، ئوقۇيالمايدىغان، ئوقۇش ـ يېزىشتىن تەجرىبىسى بولمىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەتراپىدىكىلەرنى ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى تونۇشقا چاقىرىشتىن ئىبارەت بۈيۈك ۋەزىپىنى تاپشۇردى.

**قۇرئاننى كىشىلەرگە دانە-دانە ئوقۇپ بېرىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى بۆلۈپ-بۆلۈپ نازىل قىلدۇق، ئۇنى تەدرىجىي نازىل قىلدۇق.**

—— سۈرە«بەنى ئىسرائىل»(17 ـ سۈرە)، 106 ـ ئايەت

**ئاللاھ ئۇممىلەرگە(يەنى يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئۇقمايدىغان ئەرەبلەرگە)ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى(يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتى، ئۇ(يەنى پەيغەمبەر) ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا كىتابنى(يەنى قۇرئاننى)ۋە ھېكمەتنى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى) ئۆگىتىدۇ. گەرچە ئۇلار ئىلگىرى ئوچۇق گۇمراھلىقتا بولسىمۇ.**

—— سۈرە«جۇمۇئە»(62 ـ سۈرە)، 2 ـ ئايەت

**ئۇلار ئەلچىگە ـ ئۇممى پەيغەمبەرگە(يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا)ئەگىشىدۇ.**

—— سۈرە«ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، 157 ـ ئايەت

روشەنكى، ئەگەر ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى بىر قېتىمدىلا نازىل بولسا، ساۋاتسىز كىشىلەرنىڭ قۇرئاننى يادلاش، مەنىلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئايەتلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشى قىيىنغا توختايتتى. ۋەھيىنىڭ تەدرىجىي نازىل قىلىنىشى ساھابىلارنىڭ ئۇنىڭ مەنىسى ۋە ۋەھيى ئۆزى ئىچىگە ئالغان ئەھكاملار ھەققىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈشى ۋە ئۇنى ئەمەلىي تۇرمۇشىغا تەتبىقلاپ مېڭىشىغا قولايلىق ئېلىپ كەلدى.

ئەبۇ نەزرە رىۋايىتىدە مۇنداق دېگەن: "ئەبۇ سەئىد ئەل خۇدرى بىزگە قۇرئاندىن ئەتىگەندە بەش ئايەت، كەچتە بەش ئايەت ئۆگىتەتتى. ئۇنىڭ خەۋەر قىلىشىچە جىبرىئىل قۇرئاننى بەش ئايەت، بەش ئايەتتىن نازىل قىلغان ئىكەن" دېگەن(بۇ ھەدىس بەيھەقىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن).

ئۆمەرنىڭ رىۋايىتىدىمۇ: "قۇرئاننى بەش ئايەتكە بۆلۈپ ئۆگىنىڭلار! چۈنكى رەسۇلۇللاھ جىبرىئىلدىن بەش ئايەت، بەش ئايەتتىن تەلىم ئالغان ئىكەن" دېيىلگەن(بۇ

ھەدىس بەيھەقىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن، مەننان خەلىل قەتتان «ئىسلام قانۇنشۇناسلىق تارىخى»، مىسىر، 29 ـ بەت).

**3)ھادىسىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا قارىتا نازىل قىلىپ ئادەتنى ئۆزگەرتىش:** ئىسلامدىن بۇرۇن مەككە مۇشرىكلىرى ئارىسىدا كۆپ ئىلاھقا چوقۇنۇش ئەۋج ئالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارنى بۇتپەرەسلىكنى تاشلاپ ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش ھەققىدە يەنى ئاللاھنى بىر دەپ تونۇشتىن ئىبارەت تەۋھىدكە چاقىردى. بۇ جەرياندا نازىل بولغان ۋەھىيلەردە بۇزغۇنچىلىق، شەرمەندىچىلىك ۋە قەبىھ سۆز ھەرىكەتلەرنى قىلىش، نامراتلىقتىن قورقۇپ بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىللەتلەر ئەيىبلەندى. ئادىل بولۇش، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشتەك گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈش تەشەببۇس قىلىندى. ھالال ـ ھارامنىڭ چېگرىسى ئېنىق ئايرىلىپ، يېمەك ـ ئىچمەك، مال ـ مۈلۈك ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئېيتقىنكى، ”**سىلەر كېلىپ(ئاڭلاڭلار)، ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي: سىلەر ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ (ناھەق) ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار، ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ. يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا قىلىڭلار، ھېچقانداق ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايمىز. سۆز قىلغان(ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن) چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار، (ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم) تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھقا بېرىلگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ**“.

ـــسۈرە«ئەنئام»(6 ـ سۈرە)، 151ــــ152 ـ ئايەتلەر

بىز تۆۋەندە ھاراقنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى ئايەتنىڭ بىرلا قېتىمدا نازىل بولماي، بىرنەچچە باسقۇچلاردىن كېيىن نازىل قىلىنغانلىقىنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ئىنسان مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئادەتنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىشتىكى ۋەھىيگە يوشۇرۇنغان ھېكمەتنى قىسقىچە بايان قىلىمىز:

**(سىلەر ئۈچۈن يەنە مۇنداق ئىبرەتمۇ باركى) خورمىدىن، ئۈزۈمدىن شارابلار ۋە پاكىز يېمەكلىكلەر ياسايسىلەر، ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل بار.**

ـــسۈرە«نەھل»(16 ـ سۈرە»، 67 ـ ئايەت

**(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا:”بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە(ئازغىنە ماددىي) پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ“دېگىن.**

ـــسۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 219 ـ ئايەت

بۇ ئايەتتە ھاراقنىڭ پايدا ـ زىيىنى يەنى ھاراق ئىچكەن چاغدىكى زوق، ئۇنىڭ تىجارىتىدىن كىرگەن كىرىمنىڭ پايدىسى بىلەن ھاراق ئىچكۈچىنىڭ گۇناھكارلىق پاتقىقىغا پېتىش، ۋۇجۇدىغا زىيان يەتكۈزۈش، ئەقلىنى بۇلغاش، مال ـ مۈلۈكنى زايە قىلىشتەك زىيانلىرى سېلىشتۇرۇلۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ پايدىسىدىن زىيىنىنىڭ تېخىمۇ چوڭ ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

ئاندىن”**ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەس بولساڭلار نامازغا يېقىنلاشماڭلار**“{سۈرە«نىسا»(4 ـ سۈرە)، 43 ـ ئايەت} دېيىش ئارقىلىق مەس ھالەتتە نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمىگەچكە نامازغا يېقىنلىشىش مەنئى قىلىنغان.

ئاخىرىدا ”**ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار(يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك،**

www.uyghurkitap.com

ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟" {سۈرە« مائىدە»(5 ـ سۈرە)، 90ــــ91 ـ ئايەتلەر} دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىش بىلەن ھاراق قەتئىي ھارام قىلىنغان.

ئەگەر ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى بىراقلا چۈشكەن بولسا، ئۇلارنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئادىتىدىن ۋاز كېچىشى تەسكە توختايتتى، قۇرئاننىڭ تەكلىپلىرى ئۇلارغا ئېغىر كېلىپ، ئۇلار قۇرئاننىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن ئۈركۈپ قاچقان بولاتتى.

بۇنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ رىۋايىتى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ:"ئالدى بىلەن جەننەت ـ دوزاخقا ئائىت ئايەت ياكى سۈرە نازىل بولۇشقا باشلىدى، كىشىلەر قىزغىنلىق بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىشكە باشلىدى. ئاندىن ھالال ـ ھارامغا دائىر ئايەتلەر نازىل بولدى. ئەگەر 'باشتىلا ھاراق ئىچمەڭلار' دېگەن ئايەت نازىل قىلىنغان بولسا، ئۇلار چوقۇم: 'بىز ھاراقنى ھەرگىز تاشلىيالمايمىز' دېگەن بولاتتى"(بۇخارى توپلىغان).



گەرچە ئەرەبلەر، ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ مىللىتىگە ۋارىسلىق قىلسىمۇ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ قوپال، مىجەزىنىڭ چۈس بولۇشىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇلار جاھالەتنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ كېتىپ ھەممە يەرنى بۇتپەرەسلىك قاپلاپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا مۇشۇنداق بىر مىللەتنى جاھالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئىسلام نۇرىغا ئېلىپ چىقىش، جەمئىيەتنى بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا ئېلىپ كىرىش قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەمەلگە ئاشىدىغان ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئاللاھنىڭ ۋەھيىنى تەدرىجىي چۈشۈرۈپ تۇرۇشى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەقەززاسى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىسلام ئۈممىتىنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تەدرىجىي يېتىلدۈرۈشنىڭ تەقەززاسى ئىدى.

### ۋەھيى پۈتۈكچىلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ساھابىلىرىدىن مەخسۇس ئادەملەرنى تاللاپ، ئۆزىگە ۋەھيى قىلىنغان سۈرە ـ ئايەتلەرنى خاتىرىلەتكۈزگەن. ئەينى ۋاقىتتا ۋەھيىلەر قوي تېرىسى، دەرەخ قوۋزىقى، كالا تېرىسى، تاش پارچىسى ۋە سۆڭەك قاتارلىق نەرسىلەرگە يېزىلاتتى. ئىسلامىي مەنبەلەردىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۆز ۋاقتىدا ۋەھيى كاتىپلىرى 29 كىشىگە يەتكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇرلىرىدىن تۆت چوڭ خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئوسمان ئىبنى ئەففان، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ قاتارلىقلار، باشقا ساھابىلاردىن مۇئاۋىيە، زۇبەير ئىبنى ئاۋۋام، خالىد ئىبنى ۋەلىد، سابىت ئىبنى قەيس، سەئىد ئىبنى ئاس، ئامىر ئىبنى ئاس، ئۇبەي ئىبنى كەئىب ۋە زەيد ئىبنى سابىتلار بار ئىدى.

ھاكىم زەيد ئىبنى سابىتتىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:"بىز رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا خورما دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرىغا، ئاق تاشلارغا، قوۋزاقلارغا، تاختايلارغا، تېرە، سۆڭەك ۋە قوۋۇرغىلارغا قۇرئاننى يازاتتۇق".

رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندا، قۇرئان خۇددى ھازىرقى ھالىتىگە ئوخشاشلا يادقا ئېلىنىپ ۋە تەرتىپ بىلەن يېزىلىپ بولغان ئىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئايەتلەرنى ئېلىپ چۈشۈشتىن توختىغان ھامان رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھەر بىر ئايەت مۇناسىۋەتلىك سۈرىدىكى ئورنىغا يېزىلغانىدى.

ئومۇمەن، ۋەھيى نازىل بولۇش سەۋەبلىرى ۋە چۈشۈرۈلۈش ئوبيېكتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ خىلمۇخىل بولىدۇ. ۋەھيىنىڭ نازىل بولۇشىنى، سەۋەبلىك نازىل قىلىنغان ۋەھيىلەر ۋە نازىل قىلىنىشىغا ھېچقانداق سەۋەب بولمىغان ئەمما ئاللاھ تائالا ئۆز دىنىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى بەندىلىرىگە بايان قىلىپ بېرىش مەقسىتىدە نازىل قىلغان ۋەھيىلەر دەپ بۆلۈش مۇمكىن. سەۋەبلىك نازىل قىلىنغان ۋەھيىلەر كېيىنكىسىگە قارىغاندا ئاز نىسبەتنى ئىگەللەيدۇ.

(ئاپتور: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)






## شاپائەت

شاپائەت ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالادىن بەندىلەرگە ياخشىلىق، ئاسانلىق ۋە رەھمەت تىلەش بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، شۇنداقلا باشقا پەيغەمبەرلەر، شېھىتلەر ۋە سالىھ مۆمىنلەرگە ئاتا قىلغان ئالاھىدە ئىمتىياز. ئاللاھ بۇ شاپائەتنى مۇقىملاشتۇرۇپ قۇرئاندا مۇنداق دېگەن:

**بۇ كۈندە مەرھەمەتلىك ئاللاھ ئىزنى بەرگەن ۋە سۆزىدىن ئاللاھ رازى بولغان ئادەمنىڭ شاپائىتىدىن باشقا ھېچقانداق شاپائەت پايدا بەرمەيدۇ.**

ــ سۈرە «تاھا» (20 ـ سۈرە)، 109 ـ ئايەت

**ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؟**

ــ سۈرە «بەقەرە» (2 ـ سۈرە)، 25 ـ ئايەت

يۇقىرىقى ئايەتلەردىن مەلۇم بولىدۇكى، شاپائەتنىڭ ئىككى تۈرلۈك شەرتى بار. بىرىنچىسى، ئاللاھ تائالانىڭ شاپائەت قىلغۇچىغا رۇخسەت قىلىشى. ئىككىنچىسى، شاپائەت قىلىنغۇچى گۇناھ مەئسىيەتلەرنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىمان ئېيتقان مۆمىن بولۇشى. چۈنكى ئاللاھ ھەرقانداق كىشىنىڭ كۇففار ياكى مۇشرىكقا شاپائەت قىلىشىنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىك دادىسى ھەققىدىكى ئىستىغفارىنى، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كۇففار ئوغلى توغرىسىدىكى ئىستىغفارىنى قوبۇل قىلمىغان.

ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كاتتا فەزىل، مەرھەمەتلەرنى ئاتا قىلغان بولۇپ، شۇلاردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرەتتە ئۆز ئۇممەتلىرىگە شاپائەت قىلىشىدۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ ئىجابەت بولىدىغان دۇئاسى بار. مەن ئىجابەت بولىدىغان دۇئايىمنى ئاخىرەتتە ئۈممىتىمگە شاپائەت قىلىشقا ساقلىماقچىمەن"** (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتى ئۈچ تۈرلۈك

* ماقالىنىڭ باش قىسمى ئۆتكەنكى سانلاردا

بولۇپ، بىرىنچىسى چوڭ شاپائەت دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ مەھشەرگاھنىڭ قىيىن مىنۇتلىرىدا ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن خالايىققا قىلىدىغان شاپائىتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنىدىكى چوڭ شاپائەت توغرىلىق مۇنداق دېگەن: "مۆمىنلەر قىيامەت كۈنى يىغىلىپ، ئاللاھنىڭ ئالدىدا بىزگە شاپائەت قىلىدىغان بىر كىشىدىن شاپائەت تەلەپ قىلساق دېيىشىپ، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: 'سەن بولساڭ ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى، ئاللاھ سېنى ئۆز قولى بىلەن ياراتقان، پەرىشتىلەرنى ساڭا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان، ساڭا پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى بىلدۈرگەن، رەببىڭنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلىپ، بىزنى بۇ كۈلپەتتىن قۇتۇلدۇرساڭ' دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام: 'مەن سىلەرگە شاپائەت قىلالايدىغان دەرىجىدە ئەمەسمەن' دەپ ئۆزىنىڭ گۇناھىنى ئەسلەپ خىجىل بولۇپ، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار، ئۇ ئاللاھ زېمىن ئەھلىگە ئەۋەتكەن دەسلەپكى پەيغەمبەردۇر' دەيدۇ. ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. نۇھ ئەلەيھىسسالام: 'مەن سىلەرگە شاپائەت قىلالايدىغان دەرىجىدە ئەمەسمەن' دەيدۇ ۋە ئۆزى بىلمەيدىغان نەرسە ئۈستىدە ئاللاھقا تەلەپ قويغانلىقىنى ئەسلەپ خىجىل بولۇپ، ئاللاھنىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار دەيدۇ. ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: 'مەن بۇ دەرىجىدە ئەمەسمەن ئاللاھ بىۋاستە سۆزلەشكەن ۋە تەۋرات نازىل قىلغان مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار' دەيدۇ. ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئۇ: 'مەن بۇ دەرىجىدە ئەمەسمەن' دەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئۇقۇشماستىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىنى ئەسلەپ پەرۋەردىگارىدىن خىجىل بولۇپ: 'ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئاللاھنىڭ كەلىمىسى ۋە ئاللاھ تەرىپىدىن سادىر بولغان روھ ئىيسانىڭ ئالدىغا بېرىڭلار' دەيدۇ. ئىيسا: 'مەن بۇ دەرىجىدە ئەمەسمەن، ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى ئاللاھ كەچۈرگەن بەندە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار' دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنىڭ ئالدىمغا كېلىدۇ، مەن بېرىپ رەببىمدىن ئىجازەت سورايمەن. ماڭا ئىجازەت بېرىلىدۇ، رەببىمنى كۆرگەن چاغدا، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىمەن، سەجدىدە ئاللاھ خالىغان چاغقىچە تۇرىمەن، ئاندىن ئاللاھ: 'بېشىڭنى كۆتۈرگىن، سورىغىنىڭنى بېرىمەن، گېپىڭگە قۇلاق سالىمەن، شاپائىتىڭنى قوبۇل قىلىمەن' دەيدۇ. بېشىمنى سەجدىدىن كۆتۈرىمەن، ئاللاھ ماڭا بىلدۈرىدىغان ھەمدى بويىچە ئاللاھقا ھەمدى ئېيتىمەن، ئاندىن شاپائەت قىلىشقا باشلايمەن، شاپائەت قىلىنىدىغان كىشىلەرنى ئاللاھ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇلارنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىمەن، ئاندىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بارىمەن. رەببىمنى كۆرگەن چاغدا، يۇقىرىقىدەك قىلىمەن، ئاندىن شاپائەت قىلىشقا باشلايمەن، شاپائەت قىلىنىدىغان كىشىلەرنى ئاللاھ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇلارنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىمەن، ئاندىن كېيىن مۇشۇ يوسۇندا 3-4-قېتىم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بېرىپ شاپائەت قىلىپ بولۇپ: 'دوزاختا پەقەت ئاللاھ تائالا قۇرئاندا مەڭگۈ قالىدۇ دېگەن كۇففاردىن باشقا ئادەم قالمىدى' دەيمەن" (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان). مۇپەسسىر ئالىملار «ئىسرا» سۈرىسىنىڭ "پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا) تۇرغۇزۇشى مۇھەققەقتۇر" دېگەن 79-ئايىتىدىكى "مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇن" دەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەھشەرگاھتا قىلىدىغان چوڭ شاپائىتىگە قارىتىلغان، دەپ شەرھىلەيدۇ.

ئىككىنچى تۈرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئىچىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە شاپائەت قىلىشى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدىن 70 مىڭ ئادەم سوئال-سوراق قىلىنماي جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايى نۇرلۇق تولۇن ئايغا ئوخشايدۇ". بۇ چاغدا ئۇكاشە ئىسىملىك ساھابە ئورنىدىن تۇرۇپ رەسۇلۇللاھقا: "ئى رەسۇلۇللاھ ئاللاھتىن مېنى ئاشۇلارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈشىنى تىلەپ بەرسەڭ" دېدى. رەسۇلۇللاھ: "ئى ئاللاھ ئۇنىڭغا تىلىگىنىنى بەرگىن" دەپ دۇئا قىلدى، كەينىدىنلا يەنە بىر ئەنسارى ئورنىدىن تۇرۇپ: "ئى رەسۇلۇللاھ، مېنىڭمۇ شۇلار قاتارىدا بولۇشۇمغا دۇئا قىلغان بولساڭ" دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: "ئۇكاشە سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆتۈپ كەتتى" دېدى (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

بۇ ئىككى تۈرلۈك شاپائەت باشقا پەيغەمبەرلەردىن پەرقلىق ھالدا ئاللاھ پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىلا خاس قىلغان خۇسۇسىيەتتۇر. ئۈچىنچى تۈرى، گۇناھكار ئاسىيلار دوزاختا گۇناھلىرى مىقدارىچە ئازابلانغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئىزنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتى بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ. بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا پەيغەمبەرلەر، سالىھ مۆمىنلەرگىمۇ خاس شاپائەتتۇر. ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”دوزىخى دېيىلىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر مېنىڭ شاپائىتىم بىلەن دوزاختىن چىقىپ جەننەتكە كىرىدۇ“ (بۇخارى توپلىغان). ئەھلى سۈننە ۋە جامائە ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىمان ئېيتقان، ئەمما چوڭ گۇناھ قىلغانلارنىڭمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شاپائەت قىلىدىغان يۇقىرىقى كىشىلەر قاتارىغا كىرىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، تۆۋەندىكى ھەدىسنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ: ”مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بەزىلەر بىر ئادەمگە، بەزىلەر ئىككى ئادەمگە، بەزىلەر بىر قەبىلىگە، يەنە بەزىلەر بىر توپ ئادەمگە شاپائەت قىلىدۇ، مېنىڭ شاپائىتىم مېنىڭ ئۈممىتىمدىن چوڭ (ئېغىر) گۇناھ قىلغانلارغا بولىدۇ“ (ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان).

## ھېساب

ئاللاھ تائالا بارلىق كامالىي سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگۈچىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ 99 گۈزەل ئىسمى ئەنە شۇ زاتى سۈپەتلەرنىڭ ئىخچام مۇجەسسىمى. ئاللاھ تائالا ناھايىتى ئادىلدۇر، ئاللاھنىڭ ئادالىتى شۇكى، مەخلۇقاتلاردىن ھېچ بىراۋغا زۇلۇم قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا ھەربىر نەرسىنى ئۆزىگە لايىق ئورۇنغا مۇناسىپ رەۋىشتە قويغۇچىدۇر. ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ۋە ئادالىتى شۇكى، مۆمىن بىلەن كۇففار، سالىھ بىلەن پاسىق، ياخشى بىلەن يامان ھېچقاچاندا باراۋەر بولمايدۇ. ئاللاھ ھەر ئادەمگە ئەمىلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەھشەرگاھتا خالايىققا شاپائەت قىلىشىدىن كېيىن قەزا ۋە ھۆكۈم باشلىنىدۇ. ئەنە شۇ كۈندە، قۇياش كىشىلەرنىڭ باش ئۈستىگە توغرىلانغان، پەرىشتىلەر سەپ-سەپ بولۇپ تۇرغان، كىشىلەر قارا تەرگە چۆمۈلگەن چاغدا، ئاللاھ تائالا ھەربىر بەندىدىن ھېساب ئېلىشنى باشلايدۇ. بۇ شۇنداق تەپسىلىي، ئىنچىكە ھېسابكى، ئۇنىڭدا ئىنسان ھەربىر سۆزىدىن، ھەرىكىتىدىن، ئەمىلىدىن بىرمۇبىر ھېساب بېرىدۇ. بۇ شۇنداق ئادالەتلىك ھېسابكى، ئۇنىڭدا ئىنساننىڭ تېرىقچىلىك ياخشىلىقىمۇ ھازىر قىلىنىدۇ. زەررىچىلىك يامانلىقىمۇ چۈشۈپ قالمايدۇ. ئاللاھ تائالا ھەربىر ئادەمگە ئەمەللىرىنى خاتىرىلىگۈچى پەرىشتىلەرنى مۇئەككەل قىلغان.

**ھالبۇكى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر بار. ئۇلار (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بولۇپ (سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارنى ۋە ئەمەللىرىڭلارنى) يېزىپ تۇرىدۇ. ئۇلار قىلمىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.**

— سۈرە «ئىنفىتار» (82 - سۈرە)، 10—12 - ئايەتلەر

ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر:

**قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، (دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن ئاللاھ بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق.**

— سۈرە «ئەنئام» (6 - سۈرە)، 59 - ئايەت

شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئاللاھ تائالا ئادالىتى ۋە رەھمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىلاھىي ھۆكۈمدىن ئىلگىرى ھەر ئادەمنىڭ نامە-ئەمەل كىتابىنى ئالدىغا تاشلايدۇ:

**كىشىلەرنىڭ نامە-ئەمەلى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدىكى خاتىرىلەردىن قورققانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار: ”ۋاي بىزگە! بۇ نامە-ئەمالغا چوڭ-كىچىك گۇناھنىڭ ھەممىسى خاتىرىلىنىپتىغۇ؟“ دەيدۇ، ئۇلار قىلغان- ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامە-ئەمالغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ.**

— سۈرە «كەھف» (18 - سۈرە)، 49 - ئايەت

ئىنسان گۇناھلىرىدىن تېنىۋالماقچى بولغاندا، ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇنىڭ ئەزالىرى — قولى، كۆزى، تىلى، پۇتى... تىلغا كىرىپ ھەقنى بايان

www.uyghurkitap.com

قىلىش بىلەن ئۇنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ، مانا بۇ قۇرئاندىكى **"شۇ كۈندە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پېچەتلىۋېتىمىز، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللىرى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، پۇتلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ (يەنى ھەر بىر ئەزا ئۇنىڭدىن سادىر بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىدۇ)"** {سۈرە«ياسىن»(36 ـ سۈرە)، 65 ـ ئايەت} دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدۇر. شۇنداقلا بۇ كۈندە زېمىنمۇ ئىنسانىنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"بۇ كۈندە زېمىن ئۆزىنىڭ خەۋەرلىرىنى (يەنى ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىشلەنگەن ياخشى-يامان ئىشلارنى) مەلۇم قىلىدۇ"** دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ ساھابىلاردىن: **'زېمىنىنىڭ خەۋەرلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟'** دەپ سورىدى، ئۇلار: 'ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئەڭ ئوبدان بىلگۈچىدۇر' دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **'قىيامەت كۈندە زېمىن ھەر بىر ئادەم ھەققىدە پالانى كۈنى پالانى ۋاقىتتا مۇنداق-مۇنداق قىلغان دەپ ئۇنىڭ زېمىن ئۈستىدە قىلغان ئىشلىرىدىن خەۋەر بېرىدۇ، مانا بۇ زېمىنىنىڭ خەۋەرلىرىدۇر'** دېدى" (ئەھمەد، تىرمىزى ۋە بەغەۋى توپلىغان).

بەندىنىڭ ئەمەللىرىدىن ئەڭ ئاۋۋال ھېساب ئېلىنىدىغىنى ناماز، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"قىيامەت كۈندە بەندە ئەڭ ئاۋۋال ھېساب بېرىدىغان نەرسە نامازدۇر، ئەگەر ئۇنىڭ نامازلىرى جايىدا، دۇرۇس بولسا، ئۇ نىجاتلىققا ئېرىشكەن بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا زىيان تارتقان بولىدۇ، ناۋادا پەرز نامازلىرىدىن كەم قالغىنى بولسا، ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرگە: 'قاراپ بېقىڭلار، بەندەمنىڭ نەفلى نامازلىرى بارمىكىن' دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن پەرزنىڭ كەم قالغان يېرىگە نەفلى نامازدىن ئېلىپ بېرىپ تولۇقلىنىدۇ. بەندىنىڭ قالغان ئەمەللىرىمۇ مۇشۇ رەۋىشتە بولىدۇ"** (نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان). بەندە ھەربىر ئىشىدا مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن خالىس ھالدا بىر ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن بولىشى كېرەك، كىشىلەرگە كۆرسىتىپ ماختىنىشتەك رىيا ۋە ياكى باشقا مەقسەتتە قىلىنغان ئەمەللەرنى ئاللاھ قوبۇل قىلمايدۇ. ئاللاھ ئەمەللەرنىلا ئەمەس، دىللاردىكىنىمۇ بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

ئىسلام دىنى شۇنداق كامالەت دىنكى، ئۇنىڭدا بەندىنىڭ ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئىسلام ئەخلاقى شۇنداق گۈزەل ئەخلاقكى، مۆمىن باشقىلارغا زۇلۇم قىلمايدۇ، ناھەق قان تۆكمەيدۇ، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن، ئۆز مەنپەئەتىدىن قېرىندىشىنى ئارتۇق كۆرىدۇ، جېدەل ـ ماجىرا، تەپرىقىچىلىك ئەمەس، ئىززەت ـ ھۆرمەت ۋە ئىناقلىقنىڭ ئۇرۇقلىرىنى چاچىدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالا جەننەت بىلەن تارتۇقلاشنى ۋەدە قىلغان مۇسۇلمان ئوبرازىدۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"قىيامەت كۈنى كىشىلەر ئارىسىدا تۇنجى چىقىرىلىدىغان ھۆكۈم ناھەق قان تۆكۈش توغرىسىدا بولىدۇ"**. **"كىمكى ئۆزىدە بىراۋنىڭ مەنىۋى ياكى ماددىي ھەققى قالغان بولسا، ئۇنى قىيامەت كۈنىگە قالدۇرماي مۇشۇ دۇنيادا رازى قىلىۋەتسۇن، ئەگەر ھەق ئىگىسىنى بۇ دۇنيادا رازى قىلىۋەتمەي ئاخىرەتكە قالدۇرسا، زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن ھەق ئىگىسىنىڭ قانچىلىك ھەققى قالغان بولسا، شۇنچىلىك ئېلىپ بېرىلىدۇ، زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ ياخشى ئەمەللىرى بولمىسا ھەق ئىگىسىنىڭ گۇناھلىرىدىن ئېلىنىپ زۇلۇم قىلغۇچىغا يۈكلىنىدۇ"** (بۇخارى توپلىغان). ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: **"زالىمغا ئۆزىنىڭ قىلغان زۇلمى قىيامەت كۈنى قاراڭغۇ زۇلمەت بولىدۇ"** (بۇخارى توپلىغان). مانا مۇشۇ تەرىقىدە ئاللاھ تائالا ھەربىر بەندىنىڭ تائەت ـ ئىبادەتلىرى، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلە ئەھۋالى، ئەمەللىرىدىن ئادىل ۋە ئىنچىكە ھېساب ئالىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، ھېساب بېرىشتىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. ئۇلاردىن ئاسان ھېساب بېرىدىغىنى، قىيىن ھېساب بېرىدىغىنى، شۇنداقلا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھېساب بېرىدىغانلىرى بار.

### 1. سوئال سوراقسىز ھالدا جەننەتكە كىرىدىغانلار

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ماڭا ئۈممەتلەر توغرىلاندى. مەن بىر پەيغەمبەرنى كۆردۈم، ئۇنىڭ بىلەن بىر، ئىككى كىشى بار ئىكەن ۋە**

يەنە بىر پەيغەمبەرنى كۆردۇم، ئۇنىڭ بىلەن بىرمۇ كىشى يوق ئىكەن، شۇ چاغدا تۇيۇقسىز بىر توپ كىشىلەر كۆتۈرۈلدى، ئاندىن مەن ئۇلارنى مېنىڭ ئۇممىتىممىكىن دەپ قالدىم. ماڭا: 'بۇ مۇسا ۋە ئۇنىڭ قەۋمى، لېكىن ئەتراپقا قارىغىن' دېيىلدى، شۇ چاغدا بىر توپ كىشىلەرنى كۆردۇم. ماڭا: 'يەنە بىر قارىغىن' دېيىلدى. مەن يەنە بىر توپ كىشىلەرنى كۆردۇم. ماڭا: 'بۇ سېنىڭ ئۇممىتىڭ ۋە ئۇلار بىلەن ھېسابسىز ۋە ئازابسىز جەننەتكە كىرىدىغان 70 مىڭ ئادەم بىللە' دېيىلدى". ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئاندىن ساھابىلەر ھېساب ئېلىنماي ۋە ئازابقا دۇچار بولماي جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەر توغرىسىدا تالاش - تارتىش قىلىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى: "ئۇ كىشىلەر بەلكىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدۇر" دېيىشتى. بەزىلەر: "بەلكىم ئىسلامدا تۇغۇلۇپ، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن" دېيىشتى. ئۇلار يەنە كۆپ گەپلەرنى قىلىشتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ، ئۇلاردىن: "نېمە توغرىلىق تالاش - تارتىش قىلىۋاتىسىلەر؟" دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇلارنىڭ نېمە توغرىدا تالاش - تارتىش قىلىۋاتقانلىقى ئېيتىپ بېرىلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇلار سۇف كۆچ قىلمايدىغان، سۇف كۆچ قىلدۇرمايدىغان، پال ئاچمايدىغان، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەردۇر" دېدى. ئۇكاشە ئىبنى مۇھسىن ئورنىدىن تۇرۇپ: "ئاللاھ تائالانىڭ مېنى شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلىشىغا دۇئا قىلساڭ" دېدى. ئاندىن يەنە بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ: "مېنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلىشىغا دۇئا قىلساڭ" دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇكاشە ئىبنى مۇھسىن بۇ ئىشتا سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆتۈپ كەتتى" دېدى.

**2. ناھايىتى ئاسان ۋە يەڭگىل ھېساب بېرىلىدىغانلار**

بۇلارنىڭ قارارگاھى جەننەت بولىدۇ، بۇلاردىن ناھايىتى يەڭگىل ھېساب ئېلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ئوتتۇرىغا تاشلىنىدۇ، ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلىپ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. قۇرئاندا ئۇلارغا مۇنداق ئىشارە قىلىنغان:

**نامە-ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ، (ئۇ جەننەتتىكى) ئائىلىسىگە خۇشال -خۇرام قايتىدۇ.**

— سۈرە «ئىنشىقاق» (84 - سۈرە)، 7—9 - ئايەتلەر

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: "ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى مۆمىن بەندىنى ئۆزىگە يېقىن قىلىپ، رەھمىتىگە سازاۋەر قىلىپ، ئۇنى دالدىغا ئېلىپ: 'پالانى گۇناھىڭنى بىلەمسەن، پوكۇنى گۇناھىڭنى بىلەمسەن؟' دەپ سورايدۇ، بەندە: 'ھەئە' دەپ 'بىلىمەن ئى رەببىم' دەيدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىغا ئىقرار بولۇپ ئەمدى ھالاك بولدۇم دەپ تۇرغاندا، ئاللاھ ئۇنىڭغا: 'گۇناھلىرىڭنى دۇنيادىكى چېغىڭدا ئاشكارىلىمىغان ئىدىم، بۈگۈن بولسا سېنى مەغپىرەت قىلدىم' دەپ ياخشىلىقلار يېزىلغان نامە-ئەمالىنى ئۇنىڭ قولىغا بېرىدۇ، كۇففارلار بىلەن مۇناپىقلارغا كېلىدىغان بولساق، پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر، ئىنسانلار ۋە جىنلاردىن ئىبارەت گۇۋاھچىلار: 'بۇلار پەرۋەردىگارىغا ئىشەنمىگەن كۇففارلاردۇر، كۇففارلار چوقۇم ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ' دەيدۇ" (بۇخارى توپلىغان).


**3. قاتتىق ھېساب ئېلىنىدىغانلار**

ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ ھەربىر چوڭ - كىچىك ئەمەللىرىدىن ئىنچىكە ھېساب ئالىدۇ. بۇ گويا ئۇلارنىڭ يامان ئاقىۋىتىگە ئىشارەتتۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ھېساب-كىتاب ئالىغان ئادەم چوقۇم ھالاك بولىدۇ" دېدى. مەن: "ئى رەسۇلۇللاھ، ئەجەبا ئاللاھ تائالا كىتابىدا: 'نامە-ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ' دېگەن تۇرسا" دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇ دېگەن بەندىنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئوتتۇرىغا تاشلىنىشىدۇر، ئەمما كىمكى ئىنچىكىلەپ سوئال-سوراق قىلىنىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازابقا قالىدۇ" دەپ جاۋاب بەردى.

## مىزان

بەندىنىڭ ئەمەللىرىدىن ھېساب - كىتاب ئېلىنغاندىن كېيىن ئىلاھى تارازىدا ئۆلچىنىدۇ. مانا

www.uyghurkitap.com



بۇ ئاخىرەت ھادىسىلىرىدىن بولغان مىزاندۇر. مىزان ئىنساننىڭ ئاخىرەتتىكى قارارگاھىنىڭ جەننەت ۋە ياكى دوزاخ بولۇشىدىكى ھالقىلىق باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئىلاھى تارازىدا ئۆلچىنىدىغانلىقى ۋە بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللار قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەدىس شەرىفتە بايان قىلىنغان يەقىنىي مەسىلىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا ناھايىتى ئۇچۇق رەۋىشتە مۇنداق دەيدۇ:

**قىيامەت كۈنى بىز(ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ(يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ)، ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز.**

— سۈرە«ئەنبىيا»(21 ـ سۈرە)، 47 ـ ئايەت

غەيبتىن خەۋەر بەرگۈچى قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەدىسلەردىن مەلۇمكى، مىزاندا ئۆلچىنىش بىلەن ئادەملەر شۇنىڭغا ماس يوسۇندا ئۈچ پىرقىگە بۆلىنىدۇ: بىرىنچى پىرقە، ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ چۈشۈپ تارازىسى ئېغىر كەلگەن كىشىلەردۇر، بۇلار بولسا نىجات تاپقۇچى جەننەت ئەھلى بولىدۇ. ئىككىنچى پىرقە، تارازىسى يەڭگىل كەلگەنلەر، يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىدىن زىيادە بولغان كىشىلەر، بۇلار زىيان تارتقۇچى دوزاخ ئەھلىدۇر. قۇرئاندا بۇ ئىككى تۈركۈمدىكى كىشىلەرگە ئىشارە قىلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن:

**تارازىسى ئېغىر كەلگەن (يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ چۈشكەن) ئادەمگە كەلسەك، ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا(يەنى نازۇنېمەتلىك جەننەتتە) بولىدۇ. تارازىسى يېنىك كەلگەن(يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەن، يا ياخشىلىقى بولمىغان) ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ جايى ھاۋىيە بولىدۇ. ھاۋىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلەلەيسەن؟ ھاۋىيە قىزىق ئوتتۇر.**

— سۈرە«قارىئە»(101 ـ سۈرە)، 6 — 11 ـ ئايەتلەر

ئۈچىنچى پىرقە، ياخشىلىقى بىلەن يامانلىقى تەڭ نىسبەتتە بولغان ئادەملەر بولۇپ، بۇ ئاللاھنىڭ رەھمەت ـ مەغپىرىتىگە باغلىق، خالىسا مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىسا ئازابلايدۇ.

مىزان يەنى ئاخىرەتتىكى ئادالەت تارازىسى ئاللاھقا خاس غەيب ئىلىملەر جۈملىسىدىن بولۇپ، بىز مىزاننى قۇرئان ۋە ھەدىسلەر ئاشكارا قىلغان رەۋىشتە چۈشىنىش ۋە ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇلغان. ئەمما ئۇنىڭ ھەقىقىتى ۋە تەپسىلاتلىرى ھەققىدە ئىزغىرلاش بىھۇدە زورۇقۇش ھېسابلىنىدۇ. مىزاندا ئۆلچىنىدىغان نەرسە ھەققىدە ئۆلىمالار مۇنداق ئۈچ خىل كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: بىرىنچىسى، مىزاندا ئەمەللەر ئۆلچىنىدۇ، ئىككىنچىسى، ئەمەللەر خاتىرىلەنگەن نامە ـ ئەمەل كىتابى ئۆلچىنىدۇ. ئۈچىنچىسى، بەندىنىڭ ئۆزى ئۆلچىنىدۇ. بىز دۇنيا تىرىكچىلىكىدە تۈرلۈك تارازىلارنى بىلىمىز. ئۇنىڭ بەزىلىرى ئېغىرلىقنى ئۆلچەيدۇ، بەزىلىرى بېسىمنى، يەنە بەزىلىرى ھارارەتنى ئۆلچەيدۇ. ھەر بىرىنىڭ تەركىبى، خۇسۇسىيىتى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

مۆمىنگە شۇنداق دېيىش كۇپايىدۇر: ئاسمان ـ زېمىننى ۋە ئۇنىڭ ئارىسىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى يارىتىشقا قادىر پەرۋەردىگار ئەمەللەرنى ئۆلچەشكە مۇناسىپ خاس مىزاننىمۇ خەلق ئېتىشكە قادىردۇر. مۇيەسسىر ئىبنى كەسىر تەفسىرىدە مۇنداق بىر ھەدىسنى بايان قىلىدۇ:"قىيامەت كۈنى، ئەمەللەر تارازىدا ئۆلچەنگەندە بىر بەندىنىڭ ياخشىلىق تەرىپى بېسىپ كېتىدىغانغا بىرلا ياخشىلىق كەملەپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا:'ئى بەندەم، بېرىپ قاراپ باقسىن، بىرەر ئادەم ساڭا ئۆز ئەمەللىرىدىن بىر ياخشىلىقنى بېرەمدىكىن' دېيىلىدۇ. ئۇ ئادەم بىر تۇغقان قېرىندىشىنىڭ يېنىغا كېلىپ:'ئى قېرىندىشىم، بىر ئاتا، بىر ئانىدىن بولغان جانجىگىرىم، مېنىڭ نىجات تاپقۇچىلاردىن بولۇشۇمغا بىرلا ياخشىلىقىم كەملەپ قالدى، ماڭا بىر ياخشىلىقىڭنى بەرگەن بولساڭ بۇ ئېغىر كۈندىن قۇتۇلغان بولاتتىم' دەيدۇ. قېرىندىشى ئۇنىڭغا:'سەن قورقۇۋاتقان جەھەننەم ئازابىدىن مەن تېخىمۇ قورقىمەن، شۇڭا ساڭا ھېچقانداق ياخشىلىقىمنى بېرەلمەيمەن' دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ ئادەم ئانىسىنىڭ يېنىغا بارىدۇ، ئۇ:'ئى ئانا، سەن مېنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ مېھرىبان غەمگۇزارىم ئىدىڭ، بۈگۈن مېنىڭ جەننەت ئەھلىدىن بولۇشۇمغا بىر ياخشىلىق كەملەپ قالدى، ماڭا ئەمەللىرىڭدىن بىر ياخشىلىق بەرگەن بولساڭ' دەيدۇ. ئانىسى:'سەن قورقۇۋاتقان دوزاختىن مەنمۇ ئوخشاش قورقىمەن، شۇڭا بېرەلمەيمەن' دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ ئادەم سالپايغان ھالدا دادىسىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن بىرەر ياخشىلىقنى بېرىشنى سورايدۇ. دادىسى: 'سەن قورقۇۋاتقان دەھشەتلىك ئازابتىن مەنمۇ بەك قورقىمەن، شۇڭا بېرەلمەيمەن' دەيدۇ. ئۇ ئادەم خوتۇنىنىڭ قېشىغا بارىدۇ، ئۇنىڭغا: 'ئى مەھبۇبەم، مەن دۇنيادا بىر ئۆمۈر سەن بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ياشىدىم، سېنىڭ بەختىڭ، راھىتىڭ ئۈچۈن كۆپ رىيازەت چەكتىم. بۈگۈن ئەمەللەر تارازىسىدا بىر ياخشىلىقىم كەملەپ قالدى، مېنىڭ نىجات تاپقۇچىلاردىن بولۇشۇم ئۈچۈن بىرەر ياخشىلىقىڭنى بېرىپ تۇرامسەن' دەيدۇ، خوتۇنىمۇ ئوخشاش سۆز بىلەن رەت قىلىدۇ. ئۇ ئادەم ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا بالىسىنىڭ قېشىغا بارىدۇ:'ئى ئوغلۇم، سەن مېنىڭ يۈرەك پارەم، كۆز نۇرۇمسەن، سېنىڭ خۇشاللىقىڭ، راھىتىڭ ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جاپا تارتتىم، شۇ تاپتا ئەمەل مىزانىمدا بىرلا ياخشىلىق كەملەپ قالدى، مېنىڭ دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلۇشۇم ئۈچۈن، بىر ياخشىلىقىڭنى بەرسەڭ' دەيدۇ. بالىسى:'سەن قورققان ئازابتىن مەنمۇ بەك قورقىمەن، شۇڭا بېرەلمەيمەن' دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن، ئەڭ مېھرىبان كىشىلىرىنىڭ يېنىدىن قۇرۇق قول، ئۈمىدسىز، قاتتىق قورققان ھالدا ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا قايتىدۇ، ئۇ:'ئى پەرۋەردىگارىم، مەن دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن كىشىلىرىمدىن مېنىڭ نىجات تاپقۇچىلاردىن بولۇشۇم ئۈچۈن بىرلا ياخشىلىقنى بېرىشنى سورىدىم، ئەمما ھېچكىم بەرمىدى' دەيدۇ. بۇ چاغدا ئاللاھ تائالا: **'ئى بەندەم، مەن ساڭا سېنىڭ قېرىندىشىڭ، ئاناڭ، داداڭ، خوتۇنۇڭ ۋە بالاڭدىنمۇ بەكرەك رەھىمدىلمەن. مەن سېنى مەغپىرەت قىلدىم. ئى پەرىشتىلەر، بەندەمنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىڭلار' دەيدۇ"**(بۇ ھەدىسنى ئىكرىمە رىۋايەت قىلغان، مەۋقۇف ھەدىستۇر).



بۇنى ئوقۇغاندىن كېيىن، شەكسىزكى رەھمانىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە مەرھەمىتى قەلبىمىزنى لەرزىگە سالىدۇ. ناقىس ئەقلىمىزنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ، ئىنسانىنىڭ جىمى ئىشلىرىدا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى، دۇنيالىق مەنپەئەت، ياخشىلىقلاردىن ئاللاھنىڭ فەزل ـ مەرھەمىتىنىڭ نەقەدەر ئۈستۈنلىكىنى ھېس قىلىشىنىڭ ئۆزى بىر كاتتا نېمەت. يەنە كېلىپ ھەممىلا ئادەمگە ئەمەس، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى قەلبىگە سىڭگەن، ئىمان يىلتىزى تومۇر ـ تومۇرلىرىغا شاخلىغان تەقۋادارلارغىلا نېسىپ بولىدىغان لەززەت. ئىنسانىيەت شۇنىڭغا ئېرىشىشنىڭ يولىنى بىلسە ئىدى، جىنايەت، ئەيدىز، تۈرلۈك ئىجتىمائىي كىرىزىسلار يامراپ كېتىۋاتقان دۇنيانىڭ داۋاسىنى تاپقان بولاتتى.

## سىرات

سىرات سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى"ئوچۇق، ئېنىق يول" بولۇپ، شەرىئەتتە ئىككى خىل مەنىدە قوللىنىلىدۇ:

بىرى، ئاللاھ تائالا ھاياتى دۇنيادا بەندىلىرىگە بەلگىلەپ بەرگەن توغرا يول بولۇپ، تۆۋەندىكى ئايەت مانا شۇ مەنىدە ئېيتىلغان:

**بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ.**

— سۈرە «ئەنئام» (6 ـ سۈرە)، 153 ـ ئايەت

ئىككىنچىسى، قىيامەت كۈنى دوزاخنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇ گويا ئىنچىكىلىكتە قىلدەك، ئۆتكۈرلۈكتە قىلىچ بىسىدەك. پەيغەمبەرلەردىن تارتىپ ئاسىي گۇناھكارلارغىچە جىمى ئادەم پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتىدۇ. مۆمىنلەر ياخشى ئەمەللىرى شاراپىتىدىن ئۆتۈپ كەتسە، كۇپپارلار مۇدۇرۇپ يىقىلىدۇ.

سىرات ھاياتى دۇنيادىكى سىراتنىڭ ئاخىرەتتىكى كۆرۈنۈشى بولۇپ، كىمىكى بۇ دۇنيادا ئاللاھ بەلگىلىگەن توغرا يولدا ماڭغان بولسا، جەھەننەم ئۈستىگە تارتىلغان سىراتتىن ئۆتۈش ئاسانغا توختايدۇ. ئەمما شەرىئەت يولىدىن چەتنەپ گۇناھقا پاتقان بەندىنىڭ ئۇنىڭدىن ئۆتمىكى بەسى مۇشكۇل بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىدە سىرات ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”سىرات جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە تارتىلغان، مەن شۇ سىرات كۆۋرۈكىدىن ئەڭ ئاۋۋال ئۆتۈشكە ئىزنى بېرىلگەن پەيغەمبەرمەن. بۇ كۈندە پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچكىم گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىمۇ پەقەت: ’پەرۋەردىگارىم ئامانلىق بەرگىن‘ دېگەندىنلا ئىبارەت بولىدۇ. جەھەننەمدە تىكەنلىك تۆمۈر قارماقلار بار، سىلەر نەجدىدە ئۆسىدىغان تىكەنلىك قامغاقنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ ساھابىلەر ’ھەئە‘ دېيىشتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ’ئۇ خۇددى سىلەر كۆرگەندەك تىكەنلىكتۇر، ئەمما ئۇنىڭ چوڭلۇقىنى بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. كىشىلەر ئەمەللىرىنىڭ ئېتىبارى بويىچە ئاشۇ تىكەنلىك تۆمۈر قارماقلارغا ئىلىنىدۇ. بەزىلەرنى يامان ئەمەللىرى سەۋەبلىك قارماق ھالاك قىلىدۇ. بەزىلەرنى قارماق ئىلغاندىن كېيىن قۇتۇلۇپ كېتىدۇ‘“ دېدى (بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان). ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”ئادەملەر جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان سىراتتىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدا تىكەنلىك تۆمۈر قارماقلار ۋە ئىلمەكلەر بولۇپ، ئادەملەرنى ئوڭ سول تەرەپلىرىدىن ئىلىۋالىدۇ. ئەتراپتا ’ئى پەرۋەردىگارىم، ئامانلىق بەرگىن، ئامانلىق بەرگىن‘ دەپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر بولىدۇ. ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى سىراتتىن چاقماقتەك ئۆتۈپ كېتىدۇ، يەنە بەزىلىرى شامالدەك، بەزىلىرى ئۇچقۇر ئاتتەك، بەزىلىرى يۈگۈرۈپ، بەزىلىرى مېڭىپ ئۆتىدۇ، بەزىلەر تىزلىنىپ، بەزىلەر ئۆمىلەپ ئۆتىدۇ. دوزاخ ئەھلى بولسا يا ئۆلمەيدىغان، يا تىرىلمەيدىغان قاتتىق ئازابتا بولىدۇ. ئادەملەر گۇناھ ـ مەئسىيەتلىرى مىقدارىچە كۆيۈپ كۆمۈردەك قارىداپ كېتىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇلارغا شاپائەت قىلىنىدۇ“ (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ يېتىپ ئۇخلاپ قالىدۇ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاخىرەتنى ئەسلەپ يىغلاپ، ياش تامچىلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزىگە چۈشىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئويغىنىپ: ”ئى ئائىشە نېمىگە يىغلايسەن؟“ دەپ سورايدۇ. ئائىشە: ’ئاخىرەتنى ياد ئېتىپ يىغلاۋاتىمەن، قىيامەت كۈنىدە بەندە ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنى ياد ئېتەمدۇ؟‘ دەيدۇ، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ”بەندە تۆۋەندىكى ئۈچ ئورۇندا ئۆز نەپسىدىن باشقا ھېچنەرسىنى ئويلىمايدۇ. بىرىنچىسى، ئەمەللەر تارازىسى تۇرغۇزۇلۇپ، بەندە تارازىسىنىڭ ئېغىر ياكى يەڭگىل كېلىدىغانلىقىغا قاراپ تۇرغاندا، ئىككىنچىسى، نامە ـ ئەمەل كىتابى ئوڭ تەرەپتىن ياكى سول تەرەپتىن بېرىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندا، ئۈچىنچىسى، سىراتتىن ئۆتكەندە“.

مانا بۇ سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان سىراتنىڭ تەسۋىرى. قورقىدىغان قەلب ئىگىلىرى ئۈچۈن ئاخىرەتنىڭ ھەربىر ھادىسلىرىدە چوڭ ئىبرەت بار. (داۋامى بار)

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# جامائەت نامىزى ھەققىدە سوئال - جاۋابلار

ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد، مۇھەممەد مۇسا

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

1. جامائەتنىڭ سۆز مەنىسى نېمە؟

ج: جامائەت ئەرەبچە ”جماعة“ دېگەن سۆز بولۇپ، ”توپ، بۆلەك، تۈركۈم، جامائە، كوللېكتىپ، جامائەت“ دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

2. جامائەتنىڭ ئىستىلاھى مەنىسى نېمە؟

ج: جامائەت شەرىئەتتە ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ ئۆز نامىزىنى ئىمامنىڭ نامىزىغا باغلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

3. جامائەتلىك ناماز قانداق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ؟

ج: جامائەتلىك ناماز مەسچىتتە ۋە باشقا نامازگاھلاردا ئەر ياكى ئايال ۋە ياكى سەبىي بالا بولسۇن (بۇ يەردە بالاغەت يېشىغا يېقىنلىشىپ قالغان باللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئىمام بىلەن بىرگە بىر ئادەم بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئەمما جۈمەنىڭ جامائىتى ئاز دېگەندە ئىمامدىن باشقا ئىككى ياكى ئۈچ ئادەم بىلەن ئەمەلىيلىشىدۇ.

4. جامائەت نامىزىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ شەرئى دەلىلى نېمە؟

ج: جامائەت نامىزىنىڭ يولغا قويۇلۇشى تۆۋەندىكى ئايەت كەرىمە ۋە ھەدىس شەرىف بىلەن ئىسپاتلانغان. ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە بۈيۈك قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:



**(ئى مۇھەممەد!) سەن مۆمىنلەر بىلەن بىللە بولۇپ ئۇلار بىلەن ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى سەن بىلەن بىرلىكتە نامازغا تۇرسۇن.**

—— سۈرە «نىسا» (4 - سۈرە)، **102** - ئايەت

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت كەرىمدە جەڭ ئارىلىقلىرىدىكى قورقۇنچ ھالىتىدە جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشقا ئەمر قىلغان بولۇپ، خاتىرجەم، ئەمىنلىك ھالىتىدە جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش تېخىمۇ ئەلادۇر.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازنىڭ ساۋابى، يالغۇز ئوقۇلغان نامازنىڭ ساۋابىدىن 27 ھەسسە ئارتۇق تۇرىدۇ“** (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

5. **جامائەت نامىزى قاچان، قەيەردە يولغا قويۇلغان؟**

ج: جامائەت نامىزى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغاندىن كېيىن مەدىنىدە يولغا قويۇلغان.

6. **مەسچىتتە جامائەت نامىزى ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى**

قانداق؟

1) بۇنداق ئوقۇغان نامازنىڭ ساۋابى يالغۇز ئوقۇغان نامازنىڭ ساۋابىدىن 27ھەسسە ئارتۇق تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازنىڭ ساۋابى، يالغۇز ئوقۇلغان نامازنىڭ ساۋابىدىن 27 ھەسسە ئارتۇق تۇرىدۇ“(بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

2) مەسچىتكە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن بارغان كىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئىززەتلىشىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”كىمكى مەسچىتكە ئەتىگەندە ۋە ئاخشامدا بارىدىكەن، ئۇنىڭ بېرىپ تۇرغان ۋاقتىلىرىدا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جەننەتكە چۈشىدىغان جاي ھازىرلايدۇ“(بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

3) مەسچىتتە ناماز ئوقۇش ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە ئالاقىدار بولغان كىچىك گۇناھلارغا كەفارەت بولىدۇ ۋە ئالغان ھەربىر قەدىمى باراۋىرىگە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا جەننەتتىكى مەرتىۋىلىرى بىر دەرىجە كۆتۈرۈلىدۇ، بىر خاتالىقى ئۆچۈرۈلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”بىر كىشىنىڭ جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامىزى، ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ياكى بازاردىكى ئوقۇغان نامىزىدىن 25 ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ. سەۋەبى، ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، ئاندىن مەسچىتكە پەقەت ناماز ئوقۇش ئۈچۈنلا كەلسە، ئۇ ئادەم مەسچىتكە كەلگۈچە ئۇنىڭ باسقان ھەربىر قەدىمى ئۈچۈن بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ۋە باسقان ھەربىر قەدىمى ئۈچۈن بىر خاتالىق ئۆچۈرۈلىدۇ. ناماز ئوقۇپ بولۇپ تاھارىتى سۇنماستىن مەسچىتتە ئولتۇرسىلا پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئاللاھتىن رەھمەت تىلەپ: ’ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا رەھمىتىڭنى نازىل قىلغىن، ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغىن‘ دەيدۇ، ئۇ ئادەم مادامىكى، نامازنى كۈتۈپ تۇرىدىكەن، ناماز ئېچىدە بولغاندەك بولىدۇ“(بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

4) ئاللاھ تائالاھ مەسچىتتە جامائەت نامىزى ئوقۇپ ئادەتلەنگەن كىشىلەرگە قىيامەت كۈنى پىلسىراتنى يورۇتۇپ بېرىدىغان نۇر بىلەن مۇكاپات بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”قاپقاراڭغۇ چاغلاردا مەسچىتلەرگە پىيادە بارغان كىشىلەرگە قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ نۇرلىرىنىڭ زىيادە بولۇشى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىڭلار“(ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان).

5) مەسچىتتە ناماز ئوقۇش قەلب چېگراسىنى شەيتاندىن ساقلايدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”مەن سىلەرنى ئاللاھ تائالا گۇناھىڭلارنى ئۆچۈرۈپ، دەرىجەڭلارنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان بىر ئىشقا باشلاپ قويايمۇ؟، دېگەندە، كىشىلەر: شۇنداق قىلغىن، ئى رەسۇلۇللاھ! دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ’قىيىن ئەھۋالدىمۇ تاھارەتنى كامىل ئېلىش ۋە مەسچىتكە كۆپ بېرىش ۋە بىر نامازدىن كېيىن يەنە بىر نامازغا تەقەززا بولۇپ كۈتۈش. مانا بۇ ئەمەللەر قەلب چېگراسىنى شەيتاندىن ساقلىماقتۇر‘ دېدى“(مۇسلىم توپلىغان).

6) داۋاملىق مەسچىتتە جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغاندا باشقىلار تەرەپتىن ئىمانلىق كىشى دېگەن گۇۋاھلىققا ئېرىشىدۇ، ھەمدە مەسچىتنى ئاۋاتلاشتۇرغۇچىلاردىن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:”بىر كىشىنىڭ مەسچىتكە داۋاملىق كېلىشىنى ئادەتكە ئايلاندۇرغانلىقىنى كۆرسەڭلار، ئۇنىڭ ئىمانىغا گۇۋاھلىق بېرىڭلار، چۈنكى ئۇلۇغ ئاللاھ ھەققەتەن مۇنداق دېگەن:’شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ مەسچىتلىرىنى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان...... كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ‘ “{سۈرە«تەۋبە» (9 ـ سۈرە)، 18 ـ ئايەت}(تىرمىزى توپلىغان).

7) جامائەت نامىزىغا ئادەتلەنگەنلىك شەيتان ۋەسۋەسىلىرىدىن غالىب كەلگەنلىكىنىڭ ئىسپاتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”مەيلى ئاۋات جاي بولسۇن، ياكى ئاھالىسى شالاڭ جاي بولسۇن، ئۈچ نەپەر مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇلار جامائەت بولماي ناماز ئوقۇيدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن شەيتان غەلبە قىلىدۇ. جامائەت بولۇشنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى پادىدىن ئايرىلغان قوينى بۆرە يەپ كېتىدۇ“(ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

7. يۇقىرىدا ئۆتكەن ھەدىسلەردىكى”27 ھەسسە ئارتۇق تۇرىدۇ“ دېگەن رىۋايەت بىلەن”25ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ“ دېگەن رىۋايەتنىڭ ئوتتۇرىسىنى قانداق بىرلەشتۈرۈش كېرەك؟

ج: بۇ ئىككى رىۋايەتنى ماسلاشتۇرۇش جەھەتتە ئۆلىمالار تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرۈشلەرنى بەرگەن:

1) 25 ھەسسە دېگەن 27 ھەسسە دېگەن سۆزنى ئىنكار قىلغان بولمايدۇ. چۈنكى، 25 ھەسسە 27 ھەسسە دېگەننىڭ ئىچىدە.

2) دەسلەپتە 25 ھەسسە بولىدىغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بىلدۈرۈلگەن. كېيىن 27 ھەسسە بولىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەنلىك ئېھتىماللىقى بار.

3) 25 ھەسسە ياكى 27 ھەسسە بولۇشى نامازئوقۇغۇچىنىڭ نامازنى پۈتۈن ئەركانلىرىنى تولۇق ئورۇنلىغانلىقىغا ۋە ئىخلاس بىلەن ئوقۇغانلىقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ(«ياخشىلار باغچىسى»).

8. جامائەت نامىزىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

ج: 1) جامائەت نامىزى پەرز نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشقا قادىر بولالايدىغان ئەرلەرگە سۈننىتى مۇئەككەدە(تەكىتلەنگەن كۈچلۈك سۈننەت) بولىدۇ. ئەمما جۈمە ۋە ئىككى ھېيت نامىزىدا جامائەت نامىزى شەرت ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر جامائەت نامىزى پەرز بولغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەتنى تەرك ئەتكەنلەرنى جازالىغان بولاتتى. مانا بۇنىڭدىن بىز جامائەت نامىزىنىڭ كۈچلۈك سۈننەت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

2) تەراۋىھ نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش سۈننىتى كۇپايە.

3) رامىزاندا ۋىتىر نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش مۇستەھەب.

4) رامىزاندىن باشقا ۋاقىتلاردا ۋىتىر نامىزى ۋە نەفلە نامازلارنى جامائەت بىلەن ئوقۇش مەكرۇھ.

9. جامائەت نامىزىدىكى ھېكمەت نېمە؟

ج: 1) بىر كۈندە ھەر مەھەللىدىكى كىشىلەر مەھەللە مەسچىتلىرىگە بەش قېتىم يىغىلسا، جامائە مەسچىتلىرىگە جۈمە نامىزى ئۈچۈن ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم، ئىككى ھېيت نامىزىدا يىلدا ئىككى قېتىم، ھەرقايسى قىتئەدىكى مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ بەيتىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن مەككە مۇكەررەمەگە ئۆمرىدە بىر قېتىم يىغىلىپ ئۇچرىشىدۇ. مانا بۇ يىغىلىش ۋە ئۇچرىشىشلار بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئۆزئارا تونۇشۇشقا، دوستلىشىپ ئالاقە ئورنىتىشقا يېتەكلەيدۇ. ئىتتىپاقلىقنى ۋە قېرىنداشلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇلارغا ھوقۇق ـ مەرتىۋە، ھۈنەر ـ كەسىپ، باي ـ كەمبەغەل، ئىرق ـ قەبىلە پەرقسىز ئۆزئارا باراۋەر قېرىنداش ئىكەنلىكىنى، پەقەت تەقۋالىق بىلەنلا ئۈستۈن تۇرالايدىغانلىقنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

2) جامائەتلەر ئىمامنىڭ ئارقىسىدا ئوقىيا ئوقىدەك مۇنتىزىم سەپ تۈزۈپ تۇرۇپ، نامازغا شۇرۇ قىلغاندىن تا ناماز ئاخىرلاشقىچە ئىمامنىڭ يېتەكلىشىگە بويۇنتاۋلىق قىلماستىن، ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئەگىشىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئىمامدىن ئىبارەت سالىھ يېتەكچىنىڭ بۇيرۇق ـ ئەھدىسىگە بويسۇنۇپ، ئىنتىزامچان بولۇشقا ئادەتلەندۈرۈپ، ئۆزىدە قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت يۈكسەك مۇنتىزىم قانۇننى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدىغان، شەرتسىز بويسۇنىدىغان ئاڭ يېتىلدۈرىدۇ، قەلبىدىكى ئەڭ ئالىي قۇدرەت ساھىبىغا ساداقىتىنى بېغىشلايدۇ.

3) جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش نامازخانىنىڭ قىلغان تائەت ـ ئىبادەت ۋە دۇئالىرىنىڭ ئىجابەت ۋە قوبۇل بولۇشىنىڭ، دەرىجە ۋە ساۋابىنىڭ ھەسسىلىنىشىنىڭ ئاساسى. چۈنكى يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچى قىلغان ئىبادىتىنىڭ ئاللاھ ھۇزۇرىدا مەقبۇل بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئەمما ئاللاھنىڭ مەسچىتلىرىدە ئەمىلى مەقبۇل بىرەر سالىھ، مۇتتەقى بەندىنىڭ بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا باشقىلار بىلەن بىرگە جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇلسا، ئاللاھ ئۆز فەزلى ۋە مەرھەمىتىگە ئېلىپ ھەممە جامائەتنىڭ ئەمەل ۋە دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىپ، رەھمەت ئىشىكلىرىنى ئاچىدۇ.

4) شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن بىخەۋەر ئادەتتىكى كىشىمۇ مەسچىتتە جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش ئارقىلىق دىنغا ئالاقىدار مۇھىم مەسىلىلەرنى، نامازغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملارنى چۈشىنىپ خەۋەردار بولالايدۇ.

قىسقىسى، جامائەت بىلەن ئوقۇلغان ناماز ئۆز ساھىبىغا يۈكسەك سەمەرىلەرنى ئاتا قىلسا، يىراق نىشانلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. ئۆز ئەزالىرىنى ئەڭ

مۇۋەپپەقىيەتلىك رەۋىشتە ئىسلامى ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلەن تەربىيىلەپ چىقىدۇ. پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنى مۇستەھكەم، يىمىرىلمەس ھالقا ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىسى بىر، يول كۆرسەتكۈچىسى بىر، غايىسى، يولى بىر.

بىز يۇقىرىقى ئىبارىلىرىمىز ئارقىلىق جامائەت نامىزىدىكى ھېكمەتلەر دەل مۇشۇ، شۇڭا جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇيمىز، دېمەكچى ئەمەس. بۇلار پەقەت بىر قىسىم ئالىملىرىمىزنىڭ جامائەت نامىزىنىڭ ھېكمىتى ئۈستىدە ئىستىنبات(ئىلمىي ئىزدىنىش) قىلىپ چىقارغان ئىلمى يەكۈنلىرىدۇر.

**10. جامائەت نامىزىنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىشنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى قانداق؟**

ج: ئىقتىدا قىلغۇچى جامائەتلىك نامازنىڭ بىر بۆلىكىگە ھەتتا ئىمام سالام بېرىش ئالدىدىكى ئاخىرقى ئولتۇرۇشقا ئۈلگۈرسىمۇ جامائەت نامىزىنى تاپقان بولىدۇ، ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

**11. قايسى نامازلارنى جامائەت بىلەن ئوقۇش ئەڭ تەكىتلىنىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟**

ج: بامدات ۋە خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش ئەڭ تەكىتلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**كىشىلەر خۇپتەن بىلەن بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇغاننىڭ ساۋابىنى بىلەلىگەن بولسا ئىدى، ئۆمىلەپ بولسىمۇ ئۇ ئىككى نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشقا كەلگەن بولاتتى**"(بۇخارى توپلىغان). رەسۇلۇللاھ يەنە مۇنداق دېگەن: "**كىمكى خۇپتەننى جامائەت بىلەن ئوقۇيدىكەن، ئۇنىڭغا يېرىم كېچە ئىبادەت قىلغاننىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ. كىمكى خۇپتەن بىلەن بامداتنى جامائەت بىلەن ئوقۇيدىكەن ئۇنىڭغا پۈتۈن كېچە ئىبادەت قىلغاننىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ**"(تىرمىزى توپلىغان). بۇ ئىككى نامازنىڭ بەكرەك تەكىتلىنىشى ئېھتىمال بامدات ۋاقتىنىڭ شېرىن ئۇيقۇدىكى ۋاقىت ۋە خۇپتەن ۋاقتىنىڭ ئۇيقۇ بېسىپ، مۈگدەپ قالىدىغان ۋاقىت بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

**12. مەسچىتكە پىيادە بېرىش ئەۋزەلمۇ ياكى قاتناش ۋاستىلىرىدە بېرىشمۇ؟**

ج: مەسچىتكە يىراقتىن پىيادە بېرىپ ـ كېلىشنىڭ پەزىلىتى ئەلۋەتتە ئارتۇق بولىدۇ. ئۆي بىلەن مەسچىت ئارىلىقى يىراق بولغانسېرى قەدەم ۋە مۇشەققەتمۇ كۆپىيىدۇ ـ دە، بۇنىڭغا ساۋاب تېخىمۇ كۆپ بېرىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**قاپقاراڭغۇ چاغلاردا مەسچىتلەرگە پىيادە بارغان كىشىلەرگە قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ نۇرلىرىنىڭ زىيادە بولۇشى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىڭلار**"(ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: "**كىشىلەر ئارىسىدىن نامازنىڭ ساۋابىغا ئەڭ كۆپ ئېرىشكۈچىلەر يىراقتىن يوللارنى بېسىپ كەلگەن كىشىلەردۇر**".

**13. جامائەت نامىزىنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتى قانچە؟ قايسىلار؟**

ج: جامائەت نامىزىنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتى ئىككى بولۇپ، بىرى، ئىمامدا تېپىلىش زۆرۈر بولغان شەرتلەر، يەنە بىرى، ئىقتىدا قىلىشنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتلىرى.

**14. ئىمامدا تېپىلىش زۆرۈر بولغان شەرتلەر قايسىلار؟**

ج: 1) ئىمامنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى شەرت (غەيرى دىندىكىلەرنىڭ ئىمام بولۇشى، كۇفرىلىقتا ئېلىپ بارىدىغان بىدئەتنى پەيدا قىلغۇچىنىڭ ئىمام بولۇشى دۇرۇس ئەمەس).

2) ئىمامنىڭ بالاغەتكە يەتكەن بولۇشى شەرت (سەبى بالىنىڭ ئىمام بولۇشى دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى سەبى بالىنىڭ ئوقۇغان نامىزى نەفلە بولۇپ، پەرز ئوقۇغۇچىنىڭ نەفلە ئوقۇغۇچىغا ئىقتىدا قىلىشى دۇرۇس ئەمەس).

3) ئىمامنىڭ ئاقىل بولۇشى شەرت.

4) ئىمامنىڭ ئەر كىشى بولۇشى شەرت(قوش جىنسلىق كىشىلەرنىڭ ۋە ئاياللارنىڭ نامازدا ئەرلەرگە ئىمام بولۇشى دۇرۇس ئەمەس).

5) ئىمامنىڭ قۇرئاننى ناماز دۇرۇس بولغۇدەك رەۋىشتە ئوقۇيالىشى شەرت. ئىمامنىڭ تىلى راۋان بولۇشى ھەم شەرت ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا كېكەچ ئادەملەرنىڭ ئىمام بولۇشى دۇرۇس ئەمەس.

6) ئىمامنىڭ داۋاملىق بۇرنى قاناش، سۈيدۈك تامچىلاش، يەل تۇتالماسلىقتا ئوخشاش ئۆزرىلەردىن خالىي بولۇشى شەرت.

7) ئىمام داۋاملىق تاھارەتلىك بولۇش،



uyghurkitap.com

كىيىمىنىڭ پاك بولۇشىغا ئوخشاش نامازنىڭ تاشقى شەرتلىرىدىن بىرەر شەرتنى ئورۇنلىماسلىقتىن ساقلانغان بولۇشى شەرت. چۈنكى كىيىمى نىجاسەت كىشىنىڭ كىيىمى پاك كىشىگە ئىمام بولۇشى دۇرۇس ئەمەس، ھەمدە ئەۋرىتى يېپىق كىشىنىڭ ئەۋرىتى ئوچۇق كىشىگە ئىقتىدا قىلىشى دۇرۇس ئەمەس(بۇ يەردىكى ئەۋرەتتىن ئەرلەرنىڭ كىندىكىدىن تىزىغىچىلىك ئارىلىقى، ئاياللارنىڭ يۈزى ۋە ئىككى ئالقىنىدىن باشقا بەدىنىنىڭ ھەممە يېرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ).

**15. جامائەت نامىزىدا قايسى ئىشلار ئىمامغا نىسبەتەن مۇستەھەب بولىدۇ؟**

ج: 1) ئىمام بولغان كىشىنىڭ ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەپلىرىگە قاراپ سەپنى تۈز قىلىشىغا بۇيرۇشى، ئەگەر ئېھتىياجلىق بولسا، سەپلەرنى ئۆزى بىۋاستە تۈزلەپ قويۇشى مۇستەھەب.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، نامازغا تەكبىر ئېيتىقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ: «سەپراس، بىر-بىرىڭلارغا يېقىن تۇرۇڭلار، مەن سىلەرنى كەينىمدىن كۆرۈپ تۇرىمەن» دېدى. بىزنىڭ بىرىمىز مۈرىسىنى ھەمراھىنىڭ مۈرىسىگە، پۇتىنى ھەمراھىنىڭ پۇتىغا تەگكۈزۈپ تۇراتتى.

2) ئىمامنىڭ نامازدا رۇكۇ، سەجدە تەكبىرلىرىنى «سەمىئەللاھۇلىمەن ھەمىدەھ»نى ۋە سالام بەرگەندە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ»نى ئاشكارا، ئۈنلۈك دېيىشى مۇستەھەب.

3) ئىمامنىڭ نامازدىن سالام بەرگەندىن كېيىن قىبلىگە يۈزلەنگەن ھالىتىدە: «ئاللاھۇممە ئەنتەسسەلام، ۋەمىنكەسسەلام، تەبارەكتە يا زەل جەلالى ۋەل ئىكرام» دېيىشى مۇستەھەب.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىن سالام بەرگەندىن كېيىن ‹ئاللاھۇممە ئەنتەسسەلام، ۋەمىنكەسسەلام، تەبارەكتە يا زەل جەلالى ۋەل ئىكرام› دەپلا تۇرۇپ كېتەتتى»(مۇسلىم توپلىغان).

**16. جامائەتلىك نامازدا سەپلەر قانداق رەتلىنىدۇ؟**

ج: 1) ئىمام بىلەن بىرلا ئەر كىشى بولسا، ئىقتىدا قىلغۇچى ئىمامنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، بىر تاپان كەينىدە تۇرىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ناماز ئوقۇغانلىقىنى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھنىڭ سول تەرىپىدە تۇرغان ئىدىم. رەسۇلۇللاھ مېنىڭ بېشىمنى ياكى ماڭلاي چېچىمنى تۇتۇپ، كەينىچىلەپ ئايلاندۇرۇپ، ئوڭ تەرىپىگە تۇرغۇزۇپ قويدى»(ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

2) ئىمام بىلەن بىرلا ئايال كىشى بولسا، ئايال كىشى ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرىدۇ.

3) ئىمام بىلەن بىر ئەر ۋە بىر ئايال بولسا، ئەر كىشى ئىمامنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، خوتۇن كىشى ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرىدۇ.

4) ئىمام بىلەن ئىككى ياكى ئۈچتىن ئارتۇق ئىقتىدا قىلغۇچىلار بولسا، ئۇلار ئىمامنىڭ ئارقىسىدا سەپ تۈزۈپ تۇرىدۇ. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭ مومىسى مۇلەيكە رەسۇلۇللاھنى تاماققا چاقىرغان. رەسۇلۇللاھ تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن: «ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، سىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرەي» دېگەن. ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: «شۇ ۋاقىتتا مەن ئۇزۇن تۇتۇپ قارىداپ كەتكەن بورىنى سۇدا يۇيۇپ تازىلىدىم. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇپ بەردى. مەن ۋە بىر يېتىم بالا رەسۇلۇللاھنىڭ ئارقىسىدا سەپ بولۇپ تۇردۇق، موماي ئارقىمىزدا تۇردى. رەسۇلۇللاھ بىزگە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بېرىپ قايتىپ كەتتى».

5) جامائەت ئىچىدە ئەرلەر، بالىلار، ئاياللار بولۇپ قالسا، ئىمامنىڭ كەينىدىكى سەپتە ئىلىم، ئەقىل ۋە ياشتا چوڭراق كىشىلەرنىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى سەپلەردە ئادەتتىكى كىشىلەر، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسىدە كىچىك بالىلار، ئۇلارنىڭمۇ كەينىدە ئاياللار تۇرىدۇ. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا بىزنىڭ مۈرىلىرىمىزنى تۇتۇپ، سەپنى تۈزەيتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: «سەپراس تۇرۇڭلار، نېرى-بېرى تۇرماڭلار، ئەگەر ئۇنداق قىلساڭلار، قەلبىڭلار

www.uyghurkitap.com

باشقا-باشقا بولۇپ كېتىدۇ. ماڭا سىلەردىن بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئاقىلراق بولغانلىرىڭلار يېقىن تۇرسۇن، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغان كىشىلەر، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغان كىشىلەر يېقىن تۇرسۇن»(مۇسلىم توپلىغان).

17. ئىمام جامائەتتىن ئېگىزرەك ئورۇندا تۇرۇپ، ئىمامەتچىلىك قىلسا بولامدۇ؟

ج: تۆت مەزھەپ ئۆلىمالىرى ئىمامنىڭ جامائەتتىن ئېگىزرەك ئورۇنغا چىقىپ ئىمامەتچىلىك قىلىشىنى مەكروھلۇق بىلەن جائىز دەپ قارايدۇ. ئەمما مالىكى ۋە ھەنبەلىي مەزھەپىدە ئىمام سەل ئېگىزرەك ئورۇنغا چىقىپ ئىمامەتچىلىك قىلسا مەكروھسىز جائىز، دەپ قارىلىدۇ. شافىئىي مەزھەپىدە ئىمام ئۆگىتىش مەقسىتىدە ياكى زۆرۈرى ھالەتلەردە سەل ئېگىزرەك ئورۇنغا چىقىپ ئىمامەتچىلىك قىلسا مەكروھسىز جائىز بولىدۇ.

سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە ناماز ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن مۇنبەرگە چىقىپ ئىمام بولغان ئىدى، لېكىن سەجدە قىلىدىغان ۋاقىتتا يەرگە چۈشۈپ سەجدە قىلغان ئىدى»(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس).

ھەممام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۇپىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئىمام بولغاندا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ كۆينىكىنى تارتىپ پەسكە چۈشۈردى. نامازدىن پارىغ بولغاندا ئىبنى مەسئۇد ئۇنىڭغا: 'بۇنداق قىلىشنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى بىلمەمتىڭ؟' دېدى»(ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

18. ئىمام نامازدا كىشىلەرگە ئىمامەتچىلىك قىلىدىغانلىقىنى نىيەت قىلامدۇ؟

ج: شۇنداق، ئىمامنىڭ كىشىلەرگە نامازدا ئىمامەتچىلىك قىلىدىغانلىقىنى نىيەت قىلىشى سۈننەت. ئەمما ئايالالارغا ئىمام بولۇپ قالسا، شۇ نامازنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن ئىمامەتچىلىكنى نىيەت قىلىشى ۋاجىپ.

19. ئىمامەتچىلىككە ئۆتۈش مەكروھ بولىدىغان كىشىلەر كىملەر؟

ج: 1) ناماز ئەھكاملىرىنى بىلمەيدىغان بىلىمسىز كىشىنىڭ ئىمام بولۇشى مەكروھ.

2)ئەمانىڭ ئىمامەتچىلىككە ئۆتۈشى مەكروھ. ئەمما جامائەت ئىچىدە ئۇنىڭدىن ئىماملىققا لايىقراق كىشى بولمىسا، ئۇنىڭ ئىمامەتچىلىككە ئۆتۈشى مەكروھ ئەمەس.

3) گۇناھى كەبىرە قىلىدىغان، كىچىك گۇناھلاردىن ساقلانمايدىغان پاسىق كىشى ئالىم بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئىمامەتچىلىككە ئۆتۈشى مەكروھ.

4) كۇفرىلىقتا ئېلىپ بارمايدىغان دەرىجىدىكى بىدئەتنى پەيدا قىلغان كىشىنىڭ ئىمامەتچىلىككە ئۆتۈشى مەكروھ.

5) جازانىخور، چېقىمچى، رىياخور، شەكلىۋاز، نەپسى-خاھىشىغا بېرىلىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئىمامەتچىلىككە ئۆتۈشى مەكروھ.

20. ئىمامەتچىلىككە مەكروھ بولىدىغان ئىشلار قايسىلار؟

ج: 1) نامازدىكى قىرائەت ۋە زىكرى تەسبىھنى سۈننەت ئۆلچىمىدىن ئاشۇرۇپ ئوقۇپ، نامازنى ئۇزۇن قىلىۋېتىش مەكروھ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بىر كىشى كىشىلەرگە ئىمام بولغاندا، نامازنى يەڭگىل ئوقۇسۇن، چۈنكى جامائەت ئىچىدە ئاجىز، كېسەل، ياشانغان ۋە ئىش-كۈشى بار ئادەملەر بولىدۇ، ئۆزۈڭلار نامازنى يالغۇز ئوقۇغۇنۇڭلاردا، خالىغانچە ئۇزۇن ئوقۇساڭلار بولىۋېرىدۇ»(بۇخارى توپلىغان).

2) ئىمامنىڭ نامازغا كېچىكىپ قالغانلارنىڭ ئۈلگۈرۈۋېلىشى ئۈچۈن رۇكۇنى ئۇزۇن قىلىشى مەكروھ.

3) ئىمامنىڭ پەرز ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇندا نەفلە ناماز ئوقۇشى مەكروھ. چۈنكى بۇنداق قىلىش كىشىلەرنى ئىمام پەرز ئوقۇۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ گۇمانغا سېلىپ قويىدۇ. شۇڭا نەفلە ئوقۇماقچى بولسا، پەرز ناماز ئوقۇلىدىغان ئورۇننىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدە ئوقۇش كېرەك.

21. ئىمام قايسى ۋاقىتتا نامازغا قولاق قاقىدۇ؟

ج: جۇمھۇر ئۆلىمالار سەپلەر رۇسلىنىپ، تەكبىر تامام بولغاندىن كېيىن ئىمام نامازغا قولاق

قاقىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھەنەفىي ئۆلىمالىرى تەكبىر تامام بولۇشتىن سەل بۇرۇن قۇلاق قاقىدۇ، دەپ قارايدۇ ھەم"قەد قامەتىسسالات" دېگەندە قۇلاق قېقىشنى ياخشى دەيدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، نامازغا تەكبىر ئېيتىلغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ: "سەپراس، بىر-بىرىڭلارغا يېقىن تۇرۇڭلار، مەن سىلەرنى كەينىمدىن كۆرۈپ تۇرىمەن" دېدى(بۇخارى توپلىغان).

مانا بۇ ھەدىستىن ئىمامنىڭ تەكبىر تامام بولغاندىن كېيىن قۇلاق قاقىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

22. ئىماممۇ سۈرە «فاتىھە»دىن كېيىن "ئامىن" دەمدۇ؟

ج: سۈرە «فاتىھە»دىن كېيىن ئىماممۇ ئىقتىدا قىلغۇچىلارغا ئوخشاش مەخپىي "ئامىن" دەيدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئىمام 'ئامىن' دېگەن چاغدا، سىلەرمۇ 'ئامىن' دەڭلار، چۈنكى كىمنىڭ 'ئامىن' دېيىشى پەرىشتىلەرنىڭ 'ئامىن' دېيىشىگە توغرا كېلىپ قالسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ"**. ئىبنى شىھاب ئېيتىدۇركى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرە «فاتىھە»دىن كېيىن "ئامىن" دەيتتى(بۇخارى توپلىغان).

23. ئىمامنىڭ قىرائىتى ئىقتىدا قىلغۇچىلارغا كۇپايە قىلامدۇ؟

ج: ھەنەفىي مەزھىپىدە كۇپايە قىلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. مەيلى ئاشكارا ۋە ياكى مەخپىي ئوقۇلىدىغان ناماز بولسۇن ئىقتىدا قىلغۇچى سۈرە ئوقۇمايدۇ. ئىمامنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلايدۇ، شۈك تۇرىدۇ. بەلكى ئىمامنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئوقۇش مەكروھ دەپ قارىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۈيۈك قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار(يەنى سۆز قىلماڭلار).**

—— سۈرە «ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، 204 ـ ئايەت

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئىمام ئاشكارا ئوقۇسۇن ياكى مەخپىي ئوقۇسۇن ئۇنىڭ قىرائىتى ساڭا كۇپايە قىلىدۇ"**(دارىقۇتنى توپلىغان، 1 ـ مۇجەللەت، 331 ـ بەت).

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"كىمكى جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇسا، ئىمامنىڭ قىرائىتى ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قىرائەتتۇر"**( ئىمام ئەھمەد توپلىغان، «فىقھۇل ئىسلام»دىن ئېلىندى).

24. ئىقتىدا قىلىشنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتى قايسىلار؟

ج: 1) ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ ئىمامغا ئەگىشىشنى نىيەت قىلىشى شەرت. ئىقتىدا قىلىشنى نىيەت قىلىش بىلەن تەكبىر تەھرىمە ئوتتۇرىسىدا نامازغا يات ئەمەل ئارىلاشماسلىقى لازىم. ئەمما جۈمە ۋە ئىككى ھېيت نامىزىدا بۇ نامازلارنىڭ جامائەتسىز ئادا قىلىنمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئىمامغا ئەگىشىشنى نىيەت قىلىشى شەرت ئەمەس.

2) ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ ناماز ئارىلىقلىرىدا ئىمامدىن بىر تاپان مىقدارىدا بولسىمۇ ئىلگىرى بولۇۋالماسلىقى شەرت. ئىمام بىلەن باراۋەر تۇرۇۋالسا نامىزى جائىز بولۇبېرىدۇ. ئەمما ئىمامدىن ئىلگىرى بولۇۋالسا نامىزى باتىل بولىدۇ.

3) پەرز ناماز ئوقۇغۇچى نەفلە ناماز ئوقۇغۇچىغا ئىقتىدا قىلماسلىق شەرت.

4) ئىمام بىلەن ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ ئوخشاش بىر ۋاقىتتىكى ئوخشاش بىر نامازنى نىيەت قىلىشى شەرت. شۇڭا پەرز نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇماقچى بولغان كىشى ئالدىنقى كۈندىكى شۇ پەرز نامازنىڭ قازاسىنى ئوقۇۋاتقان كىشىگە ئىقتىدا قىلماسلىقى كېرەك.

5) تۆت رەكئەتلىك نامازنىڭ قازاسىنى ئوقۇماقچى بولغان مۇساپىر شۇ تۆت رەكئەتلىك نامازنىڭ قازاسىنى قىلىۋاتقان مۇقىم ئىمامغا ئىقتىدا قىلماسلىقى لازىم. چۈنكى تەشەھۇدتىكى بىرىنچى ئولتۇرۇش مۇقىم ئىمامغا ۋاجىپ، ئىقتىدا قىلغۇچى مۇساپىرغا پەرز بولۇپ، مۇساپىر تۆت رەكئەتلىك نامازنىڭ چوقۇم ئىككى رەكئەت قازاسىنى قىلىدۇ. ئەمما ۋاقتىدا ئوقۇلۇۋاتقان نامازدا مۇساپىر مۇقىم ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ، تۆت رەكئەت ئوقۇيدۇ. ئەبۇ

www.uyghurkitap.com

مۇجلىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەرگە: ’مۇساپىر كىشى مۇقىم جامائەتلەرنىڭ نامىزىغا ئىقتىدا قىلسا ئىككى رەكئەت ئوقۇسا كۇپايە قىلامدۇ ياكى جامائەتكە ئەگىشىپ تولۇق ئوقۇمدۇ؟‘ دېسەم، ئۇ كۇلۇپ كېتىپ: ’جامائەتكە ئەگىشىپ تولۇق ئوقۇيدۇ‘ دېدى“(بەيھەقى توپلىغان).

**6)** نامازغا تولۇق ئۇلگۇرەلمەي تولۇقلاپ ئوقۇۋاتقان كىشىگە ئىقتىدا قىلماسلىق شەرت.

**7)** ئىمام بىلەن ئىقتىدا قىلغۇچى ئوتتۇرىسىنى ئاياللار سېپى ئايرىپ تۇرماسلىقى شەرت.

**8)** ئىمام بىلەن ئىقتىدا قىلغۇچى ئوتتۇرىسىنى مەسچىتتىن سىرت ئورۇنلاردا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ سەپ سىغقۇدەك يول ۋە ياكى ئېرىق ـ ئۆستەڭلار ئايرىپ تۇرماسلىقى شەرت. ئەمما مەسچىتتە شەرت قىلىنمايدۇ. چۈنكى مەسچىتنىڭ ھەممە يېرى بىر ئورۇننىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.

**9)** ئىمام بىلەن ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى ئىمامنىڭ ھالىتىدىن بىخەۋەر قالدۇرىدىغان چوڭ تام ياكى توسما ئايرىپ تۇرماسلىقى شەرت. ئەمما مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئاڭلاش ياكى كۆرۈش بىلەن ئىمامنىڭ ھالى ئۇقۇلسا ئىقتىدا قىلىش دۇرۇس بولىدۇ. شۇڭا بىر قىسىم ھەنەفىي ئۆلىمالىرى، سەپلەر تۇتاشقان ئەھۋال ئاستىدا، بىر كىشىنىڭ ئىمامنىڭ ھالىنى بىلگۈدەك، نامازنىڭ قىرائەت تەكبىرلىرىنى ئاڭلىغۇدەك شارائىتتا ئۆيدە تۇرۇپ ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشنى دۇرۇس ئىكەنلىكىگە پەتىۋا بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇبارەك ھۇجرىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتى. كىشىلەر مەسچىتتە تۇرۇپ ئۇنىڭ نامىزىغا ئىقتىدا قىلاتتى(«فىقھۇل ئىبادەت»تىن ئېلىندى).

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”**رەسۇلۇللاھ كېچىدە ھۇجرىسىدا ناماز ئوقۇيتتى. ھۇجرا تېمى پاكار بولغاچقا، كىشىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇيتتى**“(بۇخارى توپلىغان).

**10)** ئىمام قاتناش قورالى ئۈستىدە بولۇپ، ئىقتىدا قىلغۇچى يەردە بولسا ياكى ئەكسىچە بولسا ۋە ياكى ھەر ئىككىلىسى ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى ئۇلاق ئۈستىدە بولسا ياكى ئارىلىقلىرى يىراقراق بولغان ئىككى قولۋاق ئۈستىدە بولسا، بۇنداق ئەھۋاللاردا ئىمام بولغۇچىغا ئىقتىدا قىلماسلىقى شەرت. ئەمما ھەر ئىككىلىسى بىر ئۇلاغقا مىنگەن ياكى بىر كېمە ئۈستىدە بولسا ئىمام بولغۇچىغا ئىقتىدا قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ. ئەنەس ئىبنى سىيرىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”ئەنەس ئىبنى مالىك بىلەن مەلۇم بىر شەھەرگە سەپەرگە چىقتىم. بىز دەجلە دەرياسىدا كېتىۋاتقىنىمىزدا پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرىپ قالدى. ئۇ كېمىدىكى بىر بىسات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بىزگە ئىمام بولدى، شۇ چاغدا كېمە تېز كېتىۋاتاتتى“(تەبەرانى توپلىغان).

25. ئىقتىدا قىلىشقا ئالاقىدار ھۆكۈملەر قايسىلار؟

ج: **1)** قۇرئان ئايەتلىرىنى توغرا قىرائەت قىلالىدىغان كىشىنىڭ نامازدا پەرز بولغان قىرائەتنى ئوقۇيالمايدىغان كىشىگە ئىقتىدا قىلىشى دۇرۇس ئەمەس.

**2)** ئىلمىسىز كىشىنىڭ (ئىلمىلىك)گاچا كىشىگە ئىقتىدا قىلىشى دۇرۇس ئەمەس.

**3)** ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئەبۇ يۇسۇپ(ئاللاھ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن)نىڭ قارىشىدا سۇ بىلەن تاھارەت ئالغۇچىنىڭ تەيەممۇم قىلغان كىشىگە ئىقتىدا قىلىشى جائىز بولىدۇ.

**4)** تاھارەت ئەزالىرىنى تولۇق يۇيغۇچىنىڭ تېڭىق ياكى جاراھەتكە مەسىھ قىلغۇچىغا ئىقتىدا قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ.

**5)** ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ كېسەل سەۋەبىدىن ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇغۇچىغا ئىقتىدا قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ.

**6)** ساق، بېجىرىم كىشىنىڭ دوك كىشىگە ئىقتىدا قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ.

**7)** رۇكۇ، سەجدە قىلالايدىغان كىشىنىڭ ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇغۇچىغا ئىقتىدا قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ.

**8)** پۇتىنى يۇيۇپ تاھارەت ئالغان كىشىنىڭ مەسىگە مەسىھ قىلغان كىشىگە ئىقتىدا قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ.

26. ئىمامغا ئىقتىدا قىلغاندىن كېيىن ئىمامنىڭ

**تاھارەتسىز ئىكەنلىكى بىلىنسە قانداق قىلىدۇ؟**

ج: بۇنداق ئەھۋالدا ئىقتىدا قىلغۇچىلار نامىزىنى قايتا ئوقۇيدۇ. ئىمامنىڭ ئىقتىدا قىلغۇچىلارغا ئۆز نامىزىنىڭ باتىل بولغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشى ۋاجىپ بولىدۇ. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قېتىم كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەرگەن. ئاندىن ئۆزىنىڭ تاھارەتسىزلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇلارنى نامازنى قايتا ئوقۇشقا بۇيرۇغان («فىقھۇل ئىبادەت»تىن ئېلىندى).

**27. جامائەتلىك نامازغا تولۇق ئۈلگۈرەلمىگەن كىشى قانداق قىلىدۇ؟**

ج: بۇ كىشى ئىمام ئوڭ ـ سول تەرەپكە سالام بەرگەندە، سالام بەرمەي تۇرۇپ كېتىپ، قانچە رەكئەتكە ئۈلگۈرەلمىگەن بولسا شۇنچە رەكئەتنى تولۇقلاپ ئوقۇيدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"نامازغا تەمكىنلىك بىلەن كېلىڭلار، ئۈلگۈرەلىگەننى ئوقۇڭلار، ئۈلگۈرەلمىگەننى تولۇقلاپ ئوقۇڭلار"**(ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

**28. ئىمام نامازنىڭ قىرائىتىدە تۇرۇپ قالسا لوقما سېلىنامدۇ؟**

ج: تۆت مەزھەپ ئۆلىمالىرى ئىمام قىرائەتتە تۇرۇپ قالسا ئۇنىڭغا لوقما سېلىشنى جائىز دەپ قارايدۇ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى نامازدا بىر ئايەتنى تاشلاپ ئۆتۈپ كەتتى. نامازدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن، بىر كىشى: "ئى رەسۇلۇللاھ، پالانى ئايەتنى قالدۇرۇپ قويدۇڭىزغۇ؟" دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"شۇ ئايەتنى ئېسىمگە سېلىپ قويساڭ بولماسمىدى"** دېدى(ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

**29. ئىقتىدا قىلغۇچى ئىمامغا قايسى ئىشلاردا ئەگەشمەيدۇ؟**

ج: ئىقتىدا قىلغۇچى ئىمامغا تۆۋەندىكى تۆت ئىشتا ئەگەشمەيدۇ:

**1)** ئىمام نامازدا خاتالىشىپ بىر سەجدىنى ئارتۇق قىلىۋەتكەندە، ئىقتىدا قىلغۇچى ئەگەشمەيدۇ. ئەمما ئىمام نامازنىڭ ئاخىرىدا سەۋەنلىك سەجدىسى قىلغاندا ئىمامغا قوشۇلۇپ تەڭ قىلىدۇ.

**2)** ئىمام ھېيت تەكبىرلىرىنى ئارتۇق ئېيتىۋەتكەندە، ئىقتىدا قىلغۇچى ئەگەشمەي جىم تۇرىدۇ.

**3)** ئىمام ھېيت نامىزىنىڭ تەكبىرلىرىنى تۆتتىن ئارتۇق قىلىۋەتكەندە، ئىقتىدا قىلغۇچى ئەگەشمەي جىم تۇرىدۇ.

**4)** ئىمام ئاخىرقى تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن خاتالىشىپ، يەنە بىر رەكئەتكە تۇرۇپ كەتسە ئىقتىدا قىلغۇچى ئۇنىڭغا ئەگەشمەيدۇ. ئىمام ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ"سۇبھانەللاھى" ياكى "ئاللاھ ئەكبەر" دەپ ئەسكەرتىشى بىلەن يېنىپ ئولتۇرۇۋالسا ناماز دۇرۇس بولۇۋېرىدۇ، سەۋەنلىك سەجدىسى ۋاجىپ بولىدۇ. ئەمما ئىمام خاتالىشىپ تۇرۇپ كەتكەن رەكئىتىدە رۇكۇغا بېرىپ، ئاندىن سەجدە قىلسا ئىقتىدا قىلغۇچىلار ئۆز ئالدىغا سالام بېرىپ نامازدىن پارىغ بولىدۇ.

ئىمام ئاخىرقى تەشەھھۇدتا ئولتۇرماي تۇرۇپ كەتكەن ۋە خاتالاشقان شۇ رەكئىتىدە رۇكۇغا بېرىپ ئاندىن سەجدە قىلغان بولسا، ھەممىسىنىڭ نامىزى باتىل بولىدۇ.

**30. قايسى ئەمەللەرنى ئىمام تەرك ئەتسىمۇ ئىقتىدا قىلغۇچى تەرك ئەتمەي قىلىۋېرىدۇ؟**

ج: ئىمام تەرك ئەتسىمۇ ئىقتىدا قىلغۇچى تەرك ئەتمەي قىلىۋېرىدىغان ئىشلار سەككىز بولۇپ تۆۋەندىكىچە:

**1)** ئىمام نامازغا قول قاققاندا خاتالىشىپ ئىككى قولىنى كۆتۈرمىسىمۇ، ئىقتىدا قىلغۇچى ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ نامازغا قول قاقىدۇ.

**2)** ئىمام سانا(يەنى سۇبھانەكەللاھۇممە)نى ئوقۇمىسىمۇ ئىقتىدا قىلغۇچى ئوقۇۋېرىدۇ.

**3)** ئىمام رۇكۇغا بارغان ۋە سەجدە قىلغاندا تەكبىر ئېيتىش(يەنى ئاللاھۇ ئەكبەر دېيىش)نى ئۇنتۇپ قالسا ئىقتىدا قىلغۇچى تەكبىر ئېيتىۋېرىدۇ.

**4)** ئىمام رۇكۇغا ۋە سەجدە تەسبىھلىرى (سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم ۋە سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا)نى ئېيتمىسىمۇ، ئىقتىدا قىلغۇچى ئېيتىدۇ.

**5)** ئىمام"سەمىئەللاھۇلىمەن ھەمىدەھ" دېمىسىمۇ، ئىقتىدا قىلغۇچى دەيدۇ.

**6)** ئىمام تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇپ، تەشەھھۇدتا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

”ئەتتەھىيياتۇ“نى ئوقۇمىسىمۇ، ئىقتىدا قىلغۇچى ئوقۇيدۇ.

7) ئىمام سالام بەرگەندە، ”ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ“ دېمىسىمۇ، ئىقتىدا قىلغۇچى دەيدۇ.

8) ئىمام تەشرىق تەكبىرلىرىنى ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالسىمۇ، ئىقتىدا قىلغۇچى ئېيتىدۇ.

**31. ئىمام قايسى ئىشلارنى تەرك ئەتسە ئىقتىدا قىلغۇچىمۇ ئەگىشىپ تەرك ئېتىدۇ؟**

ج: ئىمام بەش ئىشنى تەرك ئەتسە ئىقتىدا قىلغۇچىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تەرك ئېتىدۇ:

1) ئىمام ھېيت تەكبىرلىرىنى ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالسا(يەنى 1 ـ رەكئەتتە سانادىن كېيىن تەكبىر ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالسا ياكى 2 ـ رەكئەتتە قىرائەتتىن كېيىن تەكبىر ئېيتىشنى ئۇنتۇپ رۇكۇ قىلىۋەتسە) ئىقتىدا قىلغۇچىمۇ ئۆز ئالدىغا تەكبىر ئېيتمايدۇ.

2) ئىمام بىرىنچى تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇشنى تەرك ئېتىپ ئولتۇرمىسا، ئىقتىدا قىلغۇچىمۇ ئولتۇرمايدۇ.

3) ئىمام نامازدا سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ تىلاۋەت سەجدىسىنى تەرك ئەتسە، ئىقتىدا قىلغۇچىمۇ تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلمايدۇ.

4) ئىمام سەۋەنلىك سەجدىسىنى ئۇنتۇپ قالسا، ئىقتىدا قىلغۇچىمۇ سەۋەنلىك سەجدىسىنى قىلمايدۇ.

5) ئىمام دۇئايى قۇنۇتنى ئوقۇماي رۇكۇ قىلىۋەتسە، ئىقتىدا قىلغۇچىمۇ دۇئايى قۇنۇتنى ئوقۇمايدۇ.

**32. ئىمام رۇكۇ قىلىۋاتقاندا ئىقتىدا قىلىۋالغان كىشى شۇ رەكئەتكە ئۈلگۈرگەن بولامدۇ؟**

ج: بىر كىشى ئۆرە تۇرۇپ قولاق قېقىپ، ئىمام رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈشتىن بۇرۇن ئىمام بىلەن شۇ رۇكۇغا ئۈلگۈرەلىسە، شۇ رەكئەتكە تولۇق ئۈلگۈرگەن بولىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”كىمكى ئىمام رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈشتىن بۇرۇن ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ رۇكۇ قىلالىسا، شۇ رەكئەتكە ئۈلگۈرگەن بولىدۇ“**(دارىقۇتنى توپلىغان).

**33. ئىقتىدا قىلغۇچى تەشەھھۇدتا ”ئەتتەھىيياتۇ“نى ئوقۇپ بولۇپ، ئىمام سالام بېرىشتىن بۇرۇن سالام بېرىۋەتسە نامىزى دۇرۇس بولامدۇ؟**

ج: نامىزى دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما ئىمامغا ئەگىشىش تەرك ئېتىلگەنلىكى ئۈچۈن بۇنداق قىلىش مەكرۇھ بولىدۇ.

**34. ئىقتىدا قىلغۇچى 1-تەشەھھۇدتا ”ئەتتەھىيياتۇ“نى ئوقۇپ بولۇشتىن بۇرۇن ئىمام ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرۇپ كەتسە قانداق قىلىدۇ؟**

ج: ئىمامغا ئەگىشىش ئىمكانىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن تەشەھھۇدنى تولۇق ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن ئىمامغا ئەگىشىدۇ.

**35. جامائەتلىك نامازدا پەرز ئوقۇلغان ئورۇندىن يۆتكىلىپ سۈننەت ئوقۇش توغرىمۇ؟**

ج: بۇنداق قىلىش توغرا، بەلكى مۇستەھەپ بولىدۇ. چۈنكى قىيامەت كۈنى زېمىن ئۆز ئۈستىدە قىلىنغان بارلىق ئەمەللەر بىلەن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. شۇڭا سۈننەت ـ نەفلىلەرنى يۆتكىلىپ، ئالمىشىپ ئوقۇغاندا، ناماز ئوقۇلغان ئورۇن كۆپىيىپ، گۇۋاھلىق بېرىدىغان جايمۇ كۆپ بولىدۇ. ئاللاھ تائالا سۈرە«زەلزەلە»(99 ـ سۈرە)نىڭ 4 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ:

**بۇ كۈندە زېمىن ئۆزىنىڭ خەۋەرلىرىنى(يەنى ئۈنىڭ ئۈستىدە ئىشلەنگەن ياخشى-يامان ئىشلارنى) مەلۇم قىلىدۇ.**

**36. پېشىندىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت سۈننەتنى باشلىغاندا پەرزگە تەكبىر ئېيتىلىپ قالسا ياكى جۈمەدىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت سۈننەتنى باشلىغاندا ئىمام خۇتبىگە چىقىپ قالسا قانداق قىلىدۇ؟**

ج: ئىككى رەكئەتنى ئوقۇپلا سالام بېرىپ، پېشىن نامىزىدا جامائەت نامىزىغا كىرىدۇ. جۈمە نامىزىدا خۇتبە تىڭشايدۇ. پەرزنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن سۈننەتنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:”**پەرز نامازغا تەكبىر ئېيتىلسا، پەرز نامازدىن باشقا ناماز ئوقۇلمايدۇ**“(ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىگە كەلسەك، جامائەت نامىزىغا ئۈلگۈرۈشكە ئىشەنچىسى بولسا ئۇنى ئوقۇيدۇ. ئاخىرقى بىر رەكئىتىگە بولسىمۇ ئۈلگۈرۈشكە كۆزى يەتمىسە، سۈننەتنى ئوقۇماي ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدۇ. چۈنكى جامائەت نامىزىنىڭ

پەزىلىتى بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىدىن ئەۋزەل بولىدۇ.

**37. جامائەت نامىزىغا چىقماسلىقتىكى شەرئەتتە قوبۇل قىلىنىدىغان ئۆزرىلەر قايسىلار؟**

ج: **1)** قاتتىق سوغۇق، قاتتىق يامغۇر، ھەددىدىن زىيادە پاتقاقچىلىق.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق سوغۇق ۋە يامغۇرلۇق كېچىلەردە مۇئەززىننى"ئۆيۈڭلاردا ئوقۇڭلار" دەپ توۋلاپ قويۇشقا ئەمر قىلاتتى(بۇخارى توپلىغان).

**2)** تۇن قاراڭغۇلۇق، دۈشمەن ياكى يىرتقۇچ ھايۋاندىن ئەنسىرەش، كېسەل بولۇپ قېلىش، قارىغۇچىسى يوق كېسەلگە قاراش.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنىدى: '**كىمكى مۇئەززىننىڭ نامازغا چاقىرغان ئەزىنىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئۆزرىسىز ئۆيىدە ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭ نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ**'. ساھابىلەر:'ئى رەسۇلۇللاھ ئۆزرە قانداق بولىدۇ؟' دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: '**قورقۇنچ ياكى كېسەل**' دەپ جاۋاب بەردى"(ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).


**3)** كۆڭلى تارتىۋاتقان تاماقنىڭ ھازىر قىلىنىشى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھنىڭ:"**تائام ھازىر بولغاندا ناماز ئوقۇلمايدۇ(يەنى تائام ھازىر بولغاندا ئوقۇلغان ناماز كامىل بولمايدۇ)**" دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم(مۇسلىم توپلىغان).

**4)** سەپەر ۋاقتىنىڭ قىستاپ قېلىشى.

يۇقىرىقى ئۆزرىلەر تۈپەيلى جامائەت نامىزىغا ھازىر بولالمىسا، ئەمما نىيىتىدە جامائەت نامىزىغا قاتنىشىش ئىشتىياقى بولسا، بۇنداق كىشىگە جامائەت نامىزىنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ. ئەبۇ بۇردە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر نەچچە قېتىم مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "**بىر بەندە ئاغرىپ قالسا ياكى سەپەرگە چىقىپ كەتسە، ئۇ كىشىگە مۇقىم ۋە ساق ھالىتىدە قىلغان ئەمەلىنىڭ ئوخشىشى يېزىلىپ تۇرىدۇ**"(بۇخارى توپلىغان).

(ئاپتورلار: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ تالىپلىرى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



# ئىناقلىق ئاياللارنى ھۆرمەتلەشتىن باشلىنىدۇ

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن)

شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد

ئىسلام دىنى پۈتۈن كائىناتنى، جۈملىدىن پۈتۈن ئىنسانىيەتنى يوقتىن بار قىلغان، ئىنسانىنى بارچە مەخلۇقات ئىچىدىن ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك قىلغان ھەممىدىن ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان ساماۋى دىن. شۇڭا، ئۇنىڭ پرىنسىپلىرىدا ئىنسان تەبىئىتىگە ماس ھالدا، ئىنسانىي پەزىلەت ۋە ئىنسانىي باراۋەرلىك ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. ئىسلام دىنىدا بارلىق ئىنسانلارنى، جۈملىدىن ئاياللارنى قەدىرلەش، كىشىلەرگە ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك دېمەي، ئىرقى، مىللەت ئايرىماي ئادىل مۇئامىلە قىلىش ئەقىدە دەرىجىسىگە كۆتىرىلىپ، ئىنسانىي قىممەت ۋە ئىنسانىي باراۋەرلىكتىن ئىبارەت ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىستەكلىرى ئىدىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىلگەن.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:


**ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن(يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى(يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن(يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر-ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر-بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار، سىلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى(يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.**

——سۈرە«نىسا»(4 - سۈرە)، 1 - ئايەت

يۇقىرىقى ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا خىتاب قىلىپ ئۇلارنى بىر ئىنساندىن يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ياراتقانلىقىنى، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنىڭ جۈپتى ھەۋۋا ئانىنى، بۇ ئىككىيلەندىن بارلىق ئىنسانلارنى ياراتقانلىقىنى ئەسلىتىپ، ئىنسانىنىڭ ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىدىن ئىبارەت بىر ئەر، بىر ئايالنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئىككىسى ئىنسانلارنىڭ ئەسلى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ.

مانا، بۇ ھەقىقەت ناھايىتى ئاددىي، ئەمما ئىنتايىن مۇھىم ھەقىقەت بولۇپ، ئەگەر كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىبرەت قۇلىقىنى سالىدىغان ۋە پىكرىي نەزىرىنى قارىتىدىغان بولسا، ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھاياتىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلالايدۇ، شۇنداقلا ئادىمىيلىككە ۋە رەببانىيلىق( خۇداگۈيلۇق )قا باب مەدەنىي ساپا ۋە خىسلەتنى يېتىلدۈرەلەيدۇ.

بۇ ھەقىقەتلەر ئالدى بىلەن ئىنسانلارغا ئۆزلىرى ئاپىرىدە بولغان ۋە كۆپەيگەن مەنبەنىڭ بىرلىكىنى ئەسلىتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئىنسانىيەتنىڭ بىر ئىرادىنىڭ تۈرتكىسىدە ۋۇجۇدقا چىققانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. كىشىلەر بۇ ھەقىقەتلەر ھەققىدە چوڭقۇر تەپەككۇر قىلسا، ئۇلار يارىلىپ كېيىن پەيدا بولغان سۈنئىي پەرقلەرنىڭ ھەممىسى ئايان بولىدۇ. ۋەھالەنكى ئەقىدە، ئەخلاق، مېھرى - مۇھەببەت باراۋەرلىك ئىنساندا تەبىئىي، تۇغما نىقىتىدار ھېسابلىنىدۇ.



يۇقىرىقى ئايەتتە يەنە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇدۇللا ’’**پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار**‘‘دېمەي ’’**ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن(يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن(يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى(يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن(يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر - ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار**‘‘ دېگەنلىكى ئاللاھ ئىنسانلارنى ئەر، ئايال قىلىپ ياراتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن قورقۇش يەنى ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلىش لازىم، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە يۇقىرىقى ئايەتتە’’ **شۇ ئىنساندىن(ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى(يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان**‘‘ دېيىش ئارقىلىق ئاياللارنى رەزىللىك ۋە پەسكەشلىكنىڭ مەنبەئى، يامانلىق ۋە بالايىئاپەتنىڭ يىلتىزى، دەپ قاراشنىڭ ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئاياللار ئەرلەرنىڭ بىر قىسمى يەنى ھەۋۋا ئانىنىڭ تۇنجى ئىنسان—ئادەم ئاتىنىڭ بىر پارىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم ئاتىغا جورا قىلىپ ياراتقانلىقىنى، ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئىنسانىي ماھىيەت ۋە ئىنسانىي قىممەت جەھەتتىن پەرقى يوق ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئاخىرىدا ’’ **بىر - بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار، سىلە - رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى(يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر**‘‘ دېيىش ئارقىلىق بىر ياراتقۇچى تەرىپىدىن يارىتىلىپ، بىر ئاتا، بىر ئانىدىن كۆپەيگەن ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا قېرىنداش ئىكەنلىكىگە، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە موھتاج بولىدىغانلىقىغا، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىغا ئىشارە قىلغان ھەمدە قېرىنداشلار ئارا سىلە - رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشنى قەتئىي چەكلەش ئارقىلىق ئائىلە ئىناقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەقۋادارلىق دائىرىسىگە كىرگۈزگەن.

ئومۇمەن، يۇقىرىقى ئايەتتە ئائىلىنىڭ كىشىلىك ھاياتنىڭ ھۆلى ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلىپ، ئايالنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى ۋە رولى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئاللاھ تائالانىڭ يەر يۈزىدە ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ ئائىلىسىنى قۇرۇپ، بۇ ئىككىسىدىن نۇرغۇن ئائىلىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىنسانلار جەمئىيىتىنى بەرپا قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، دەسلەپتە ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ ئائىلىسىنىلا بەرپا قىلماي، نۇرغۇن ئائىلىلەرنى بىراقلا ياراتقان ۋە ۋۇجۇدقا چىقارغان بولاتتى. بۇنداق قىلغاندا بىرىنچىدىن، ئاشۇ نۇرغۇن ئائىلىلەر بىر - بىرىگە تۇغقان بولمىغان بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدا تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى، قېرىنداشلىق مېھرى بولمىغان بولاتتى. ئىنسانىيەتنىڭ مەنبەسىمۇ بىر بولمىغان بولاتتى. دەرۋەقە، ئاللاھ تائالا دەسلەپتە ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ ئائىلىسىنى قۇرۇپ بۇ ئىككىسىدىن باشقا ئىنسانلارنى يارىتىپ، ئائىلىلەرنى قۇرۇپ ئۇلارنى نەسەب ئارقىلىق بىر - بىرىگە باغلاپ قېرىنداشلىق ئورنىتىپ ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئاپىرىدە قىلىش ئارقىلىق ئىناقلىقنى، ئىللىقلىقنى ياخشى تۇپراق بىلەن تەمىن ئەتتى. دېمەك، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىناق ئائىلىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە موھتاج. ئىناق ئائىلە قۇرۇش ئەقىدىلىك ۋە ئەخلاقلىق ئەر - ئاياللارغا موھتاج. بولۇپمۇ پەرھىزكار، شەرم - ھايالىق خانىم - قىزلارغا موھتاج . ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئەسلىي تەبىئىتى ۋە ئورتاق ئارزۇسى. بۇ نۇقتا يەنە تۆۋەندىكى ئايەتتە تېخىمۇ روشەن تەكىتلەنگەن:

**ئاياللار بىلەن ئۇنسى - ئۇلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن(ئاللاھنىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا(يەنى ئەر - خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر - مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ(كامالىي قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك - شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.**

——سۈرە«رۇم»(30 - سۈرە)، **21** - ئايەت

بۇ ئايەتتىكى ’’**ئاياللار بىلەن ئۇنسى - ئۇلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن**‘‘ دېگەن سۆز ئەرەبچىدىكى ”لتسكنوا اليها“ دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، بۇ سۆزنى ’’**ئاياللار بىلەن خاتىرجەملىك ھېس قىلىشىڭلار ئۈچۈن**‘‘ دەپ ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، بۇ سۆز ’’سكن‘‘ سۆزىدىن تۇرلەنگەن سۆز بولۇپ ’’خاتىرجەملىك، ئارامىدىللىق، ئۇنسى - ئۇلپەت‘‘ دېگەن مەنىلەردە

كېلىدۇ. بۇ پەقەت ئەر ــ خوتۇنلا ھېس قىلالايدىغان ۋە ئۇلار ئارقىلىقلا ۋۇجۇدقا چىقىدىغان مېھرى ــ مۇھەببەتنى، ئىللىقلىقنى، خاتىرجەملىكنى، ئىناقلىقنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولۇپ بۇ خىل ئۇنسى ــ ئۇلپەت ئىنسان روھىدىكى ئىزتىراپ ۋە تەشۋىش ــ ۋەسۋەسىلەرنى يوقىتىدۇ.

ئىنسان ھەققىدە مۇشۇ خىل تەرىقىدە تەكرار ئويلىنىش كىشىگە ئىمان ۋە تەقۋادارلىق ئاساسىدىكى ئائىلىۋي ۋە ئىجتىمائىي ئىناقلىقتىن ئىبارەت مەنىۋى بايلىقنى ئاتا قىلىدۇ.

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى يەنى جاھىلىيەت دەۋرىدە ئاياللار ئادەم قاتارىدا كۆرۈلمەي، بازارلاردا ماتالاردەك سېتىلغان، ”ئاياللار ئادەم ئازدۇرىدىغان شەيتان“ دەپ قارىلىپ، ئۇلارنىڭ گۆش يېيىشى، كۈلۈشى، ھەتتا سۆزلىشىمۇ مەنئىي قىلىنغان. ئەرەبلەر ئاياللارنى نۇرغۇنلىغان ئاساسىي ھوقۇقلاردىن، ھەتتا ياشاش ھوقۇقى ۋە مىراسخورلۇق ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قىلغان. بىرەرسىنىڭ ئايالى قىز تۇغسا ”ئۇنى يۈزىمىزنى تۆكىدۇ، قەبىلىمىزگە ئاھانەت ئېلىپ كېلىدۇ“ دەپ تۇغۇلغان ھامان يەرنى چوڭقۇر كولاپ كۆمۈۋېتەتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلۈشىگە پەقەت ئۇلارنىڭ قىز بولۇپ يارىلىپ قالغانلىق ”گۇناھلىرى“ سەۋەب بولغانىدى. ئەرەبلەر دېدەكلەرنى پاھىشە بولۇشقا مەجبۇرلاپ پۇل تاپاتتى. ئاياللارغا مىراس بەرمەيتتى، تېخى ئاياللارنى نەرسە ــ كېرەك ئورنىدا مىراس ئالاتتى. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

**ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە (خوتۇنىنىڭ) قىز تۇغقانلىق خۇش خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، چىرايى ئۆزگىرىپ، غەزەپناك بولۇپ كېتىدۇ. يەتكۈزۈلگەن يامان خەۋەردىن قورقۇپ، ئۆز قەۋمىگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئاندىن ئۇ نومۇسقا چىداپ قىزنى ساقلاپ قالامدۇ؟ ياكى ئۇنى تۇپا ئاستىغا(تىرىك)كۆمەمدۇ؟ (شۇ ھەقتە ئويلىنىدۇ)، ئۇلارنىڭ ھۆكمى ھەقىقەتەن نېمىدېگەن قەبىھ!**

ــــسۈرە«نەھل»(16 ــ سۈرە)، 58ــــ 59 ــ ئايەتلەر

**ئى مۆمىنلەر! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماق(يەنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا قىلىۋالماق) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ، ئۇلار ئوپئوچۇق بىر پاھىشە ئىشنى قىلمىغان ھالەتتە، سىلەر ئۇلارغا بەرگەن مەھرىدىن بىر قىسمىنى يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار(سەۋر قىلىڭلار)، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا ئاللاھ كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.**

ــــسۈرە«نىسا»(4 ــ سۈرە)، 19 ــ ئايەت

يۇقىرىقى ئايەتلەردە ئاياللارنى بوزەك قىلىش، خورلاش، ئۇلارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەسلىكتەك يامان، رەزىل قىلمىش ۋە خاھىشلارنىڭ قەتئىي دۇرۇس بولمايدىغانلىقى، ئىسلامىي ئەقىدە، ئىسلامىي ئەخلاق، ئىسلامىي مۇئامىلىلەرگە زىت قىلمىش ۋە خاھىشلار ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلىپ، ئۇلارغا ياخشى، ئادىل مۇئامىلە قىلىش تەلەپ قىلىنغان.

ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى بوزەك قىلىشى، ئۇرۇشى، خورلىشى ئەمەلىيەتتە ئەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنى بوزەك قىلغىنى، ئۆزلىرىنى ئۇرغىنى، ئۆزلىرىنى خورلىغىنى، شۇنداقلا باللارنى، پۈتۈن ئىنسانلارنى بوزەك قىلغىنى، ئۇرغىنى، خورلىغىنى بىلەن باراۋەر. چۈنكى، ماقالىمىزنىڭ بېشىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىدەك، دەسلىپىدە ئاللاھ تائالا ئادەم ئاتىنى ياراتقان، ئادەم ئاتىدىن ھەۋۋا ئانىنى ياراتقان. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاياللار ئەرلەرنىڭ بىر قىسمى، دەپ قارىلىدۇ.

**”ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت)بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر(يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر“**{سۈرە «ھۇجۇرات»(49 ــ سۈرە)، 13 ــ ئايەت} دېگەن ئايەت بىلەن ” **ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بىردۇر، ئاتاڭلار بىردۇر، ھەممىڭلار ئادەمنىڭ باللىرى، ئادەم توپىدىن يارىتىلغان. ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر. ئەرەب**

غەيرى ئەرەبتىن، غەيرى ئەرەب ئەرەبتىن، قارا تەنلىك ئاق تەنلىكتىن، ئاق تەنلىك قارا تەنلىكتىن ئارتۇق ئەمەس. ئارتۇق دېيىلسە، پەقەت تەقۋادارلىق بىلەنلا ئارتۇق بولىدۇ»(ئەھمەد توپلىغان)، دېگەن ھەدىستىن ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئايەت، ھەدىسلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئىسلام دىنى ئادالەت ۋە باراۋەرلىكنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى قىلغان دىن بولۇپ، ئاياللارنى خورلۇق ۋە نادانلىقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارغا ئىززەت ـ ھۆرمەت، ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك ئاتا قىلدى. باشقا ھوقۇقلاردىن سۆز ئېچىش تۇگۇل، ئاياللارنىڭ ئىنسانىي سالاھىيىتى ئىنكار قىلىنىۋاتقان تارىخىي شارائىتتا ئىسلام دىنى تۇنجى بولۇپ ئاياللارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى قىممەت يارىتالايدىغان مۇستەقىل سالاھىيەتكە ئىگە، ئىجتىمائىي ئىنسانلىق ھوقۇقىدا ئەرلەرگە ئوخشاش ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. قۇرئان كەرىمدىكى «ئال ئىمران»، «نىسا»، «مەريەم»، «تالاق» قاتارلىق سۈرىلەردىكى نەچچە يۈز ئايەتتە ئاياللارغا ئائىت مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە يەنە [illegible] سۈرىلەرنىڭ ناملىرىنىڭ ئايال ۋە ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك نىملار بىلەن ئاتالغانلىقى ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارغا ۋە ئاياللار مەسىلىسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى ئەڭ دەسلەپتە ئىككى بۆلۈك كىشىلەر قوللىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئاياللار ئىدى. بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەمگۇزارى، قوللىغۇچىسى ۋە سۆيۈملۈك ئايالى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يېقىندىن قوللىدى ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بەردى. تۇنجى ۋەھيى چۈشكەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەك چارچىغان ئىدى. ئۇ پەرىشتە بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىشى تۈپەيلىدىن قورقۇپ كېتىپ "**مەن ئۆزۈمدىن ئەنسىرەپ قالدىم**" دېگەندە خەدىچە ئۇنى يۆگەپ قويغىنىدى ھەمدە "**ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ سېنى ھەرگىز خار قىلمايدۇ، چۈنكى سەن (تۇغقانلىرىڭغا) سىلە ـ رەھىم قىلىسەن، راست سۆزلەيسەن، ئېغىرچىلىقنى كۆتىرىسەن. مېھماننى كۈتىسەن، ھەق ئىشلىرىغا ياردەم قىلىسەن**"(بۇخارى توپلىغان)، دەپ تەسەللىي بېرىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ماختاپ مۇنداق دېگەن: "**كىشىلەر ماڭا ئىشەنمىگەندە، ئۇ ماڭا ئىشەندى؛ كىشىلەر مېنى ئىنكار قىلغاندا، ئۇ مېنى تەستىقلىدى؛ كىشىلەر مېنى ھەممىدىن مەھرۇم قىلغاندا، ئۇ مېنى مال ـ مۈلۈكى بىلەن قوللىدى؛ باشقا خوتۇنلىرىم تۇغماستا ئاللاھ مېنى ئۇنىڭدىن پەرزەنتلىك قىلدى (ئۇ ماڭا بالا تۇغۇپ بەردى)**"(ئەھمەد توپلىغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ناھايىتى ياخشى تەربىيىلىگەن ئىدى، ئۇ يېشى كىچىك بولسىمۇ، زېرەك، قابىلىيەتلىك بولغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاياللار ۋە ئاياللار مەسىلىلىرىگە ئائىت ھەدىسلەرنى ئەڭ كۆپ ئىگىلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىمۇ ئۇنى ھۆرمەتلەپ "ئۇممۇلمۇئمىنىن" (مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى) دېگەن شەرەپلىك نامنى بېرىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىغا بولغان يۈكسەك تونۇشىنى ئىپادىلىگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنى ھۆرمەتلەشتە ۋە ئۇلارغا كۆيۈنۈشتە ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈلگە بولدى. ئاياللىرى ئاغرىپ قالسا ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالدى. ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. ئۇلارغا ئىلىم ئۆگەتتى. قۇرئان كەرىمنى ئۆزىنىڭ

www.uyghurkitap.com

گۈزەل ئەخلاقىغا ئايلاندۇرغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى كىچىكىدە ئېمىتكەن ئىنىكئانىسى ــــ ھەلىمەنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىدى. ئىنىكئانىسى كەلسە ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئورنىدىن تۇراتتى ۋە كىيگەن تونىنى يەرگە سېلىپ ئۇنى ئولتۇرغۇزاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنى ھۆرمەتلەشنى بىر ئادەمنىڭ ياخشى ياكى يامان ئىكەنلىكىنىڭ ئۆلچىمى سۈپىتىدە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **"سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئەھلىگە ياخشىلىق قىلىدىغانلاردۇر. مەن بولسام سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەھلىگە(يەنى ئايالىغا) ئەڭ ياخشىلىق قىلىدىغان ئادەم"** (ئىبنى ماجە توپلىغان).

مۇسۇلمانلارنىڭ تەقۋادارلىقى ئۇلارنىڭ دىنىي ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا قانچىلىك كۆڭۈل بۆلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. بىر كىشىنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە، ئايالى ۋە بالا ـ چاقىلىرىغا قانچىلىك ياخشى مۇئامىلە قىلىشى ئەلۋەتتە ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىكى ئىبادەت تۈرى بولۇپ، بۇ شۇ ئادەمنىڭ تەقۋادارلىقىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ، چۈنكى مەخسۇس ئىبادەتلەرنى قىلغان تەقدىردىمۇ ئائىلىسىگە، ئايالى ۋە بالا ـ چاقىلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلمىغان ئادەم مەخسۇس ئىبادەتلەرنىڭ مەقسىتى بولغان ئەخلاقىي ئىبادەتلەرنى قىلمىغان بولىدۇ. شۇڭا ئەر كىشى ئايالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشى، ئۇنىڭغا ئازار بەرمەسلىكى، ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئىشتا مېھرىبان، كۆيۈمچان بولۇشى لازىم.

ئايالىنىڭ ئارازلىرىغا، بولۇپمۇ خۇيلىنىپ قالغان چاغدىكى بەزى يېقىمسىز قىلىقلىرىغا سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، سەۋەنلىكلىرىنى كەچۈرۈشى، خاتالىشىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئۇرماستىن چىرايلىق نەسىھەت قىلىپ خاتالىقنى تۈزىتىشكە تۈرتكە بولۇشى لازىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: **"سىلەرنىڭ ھېچ قايسىڭلار ئايالىنى قۇلنى قامچىلىغاندەك قامچىلىمىسۇن، شۇ كۈنى كەچتە ئۇنىڭ بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن"** (بۇخارى توپلىغان) دېگەن ھەدىسىنى داۋاملىق ئەستىن چىقارماي ئىناق ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم. ئاياللارنى ھۆرمەتلەش، ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكى شۇنداقلا ئىناقلىق تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ خانىم ـ قىزلارنى ئۇرۇش، ھاقارەتلەش، خورلاش ۋە ئۇلارنى ئالداپ ئېلىش ـ سېتىشتەك رەزىل، پەسكەش، قانۇنسىز ھەرىكەتلەر مەۋجۇت. شۇڭا، مۇسۇلمانلار بۇ خىل قىلمىشلارغا ئاكتىپلىق بىلەن قارشى تۇرۇپ، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ھوقۇقىنى، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ ئىمانىي ھەم قانۇنىي بۇرچى، دەپ بىلىشى لازىم.

ئاللاھ ھەممىمىزنى ئاياللارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدەك ھۆرمەتلەيدىغان كىشىلەردىن قىلغاي، ئامىن!

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇستازى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## يېڭى ئىسلامىي كىتابلار خەۋىرى

### «ھىدايەت گۈلزارى»نىڭ ئىككىنچى توپلىمى نەشردىن چىقتى

ژۇرنىلىمىزنىڭ باش مۇھەررىرى شەمشىدىن ھاجى نەشرگە تەييارلىغان، 10 يىلدىن بۇيان ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان نادىر ئەسەرلەر توپلىمى ــــ «ھىدايەت گۈلزارى»نىڭ بىرىنچى توپلىمى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغاندىن كېيىن كەڭ جامائەتچىلىك ئارىسىدا قىزغىن ئالقىشقا ئۇچراپ، تۇنجى قېتىم بېسىلغان توپلام ناھايىتى تېزلا جەمئىيەتتە قالمىغانلىقى ئۈچۈن ئىككىنچى قېتىم يەنە نەشر قىلىنىپ جەمئىيەتكە سۇنۇلغانىدى. بۇ نۆۋەت شەمشىدىن ھاجى يەنە 120 پارچىدىن ئارتۇق دىنىي ماقالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 2-توپلامنى تەييارلاپ، نەشرگە بەرگەنىدى. 2-توپلاممۇ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 7-ئاينىڭ باشلىرى نەشردىن چىقىپ جامائەتچىلىككە سۇنۇلدى. بۇ توپلاممۇ كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئۇچراپ، كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرغۇسى ــــ ئىنشائاللاھ! (ش)

### «قۇرئان كەرىم مەزمۇنلىرى ئاچقۇچى» نەشر قىلىندى

ئابدۇلئەھەد ئەمىر قۇتلۇق نەشرگە تەييارلىغان «قۇرئان كەرىم مەزمۇنلىرى ئاچقۇچى» دېگەن ئەسەر «ئەرەبچە-ئۇيغۇرچە قۇلايلىق لۇغەت» دېگەن نام بىلەن يېقىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن رەسمىي نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. مەزكۇر ئەسەر ئىككى قىسمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچى قىسمىدا «قۇرئان كەرىم مەزمۇنلىرىنىڭ ئاچقۇچى» 15 چوڭ ماۋزۇ ۋە مىڭدىن ئارتۇق كىچىك ماۋزۇ بىلەن قۇرئان كەرىمدىكى ھەرقانداق مەزمۇننى دەرھال تاپقىلى بولىدىغان قىلىپ ئاچقۇچ بېرىلگەن؛

ئەسەرنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا، قۇرئان كەرىمدىكى 114 سۈرىنىڭ نامى، سۆز مەنىسى ۋە قۇرئان كەرىمدە داۋاملىق ئۇچرايدىغان سۆزلۈكلەر ھەم بۇ سۆزلۈكلەرنىڭ ئۆلچەملىك ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى بېرىلگەن. بۇ ئەسەر قۇرئان كەرىم ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ لۇغەت قوللانمىسى بولۇپ قالغۇسى ــــ ئىنشائاللاھ! (ش)

# مۇسۇلمانلارنىڭ سورۇن ۋە سورۇنداشلارغا بولغان ئەدەپ ـ قائىدىلىرى

بسم الله الرحمن الرحيم


(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىسمائىل ياقۇپ

ئاللاھ ياراتقان بارلىق مەخلۇقاتلاردىن ئىنسانلار بولسۇن ياكى ھايۋانلار بولسۇن، ئۇلار ھاياتلا بولىدىكەن ئۆزئارا بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇشقا ھەم توپلىشىپ ياشاشقا موھتاج بولىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ تائالا بىز مۆمىن مۇسۇلمانلارغا سورۇن ۋە سورۇنداشلارنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرىنى بىلدۈرۈپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**ئى مۆمىنلەر! ئەگەر(سورۇندا) بەزىلەر سىلەرگە: "ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار" دېسە، ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە(رەھمىتىنى ۋە جەننىتىنى) كېڭەيتىپ بېرىدۇ، ئەگەر سىلەرگە(باشقىلار ئورۇن بوشىتىپ بېرىش ئۈچۈن): "ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار" دېيىلسە، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار، ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقان ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەردار.**

—— سۈرە«مۇجادەلە»(58 ـ سۈرە)، 11 ـ ئايەت



يۇقىرىقى ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:"بۇ ئايەت ئاللاھنى ياد ئېيتىش سورۇنلىرى ھەققىدە نازىل بولغان. ئاشۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇرغان كىشىلەر، ئۇلارنىڭ بىرى كەلگەنلىكىنى كۆرسە ئورۇنلىرىدىن مىدىرلىمايتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە ئورۇن چىقىرىپ بېرىشكە بۇيرۇغان". يەنە قەتادە ۋە مۇقاتىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:"**ئەگەر سىلەرگە(باشقىلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىش ئۈچۈن): 'ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار' دېيىلسە، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار**" دېگەن ئايەتنى، "ئەگەر سىلەر ياخشى ئىشقا چاقىرىلساڭلار شۇ ئىشنى قىلىڭلار ۋە ئەگەر سىلەر نامازغا چاقىرىلساڭلار، ئۇ نامازغا قوپۇڭلار" دەپ تەپسىر قىلغان («تەپسىرۇلقۇرئانىل ئەزىم»(تەپسىرى ئىبنى كەسىر)، ئەرەبچە نەشرى، **4** ـ قىسىم، **292__293** ـ بەت). ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە سورۇننىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرىنى بايان قىلىپ بولۇپلا، ئۇنىڭ ئاخىرىدا:"**ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەردار**" دېيىش ئارقىلىق سورۇنغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان ھەم شۇ سورۇننىڭ مۇنبەرلىرىدە سورۇنداشلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىۋاتقان ئالىم ـ ئۆلىمالار ۋە مۇتەپەككۇر زىيالىيلارنىڭ دەرىجىلىرىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقى بىلەن خۇشخەۋەر بەرگەن. شۇڭا ئۆز ئىلمىگە ئەمەل قىلغان ئالىم ـ ئۆلىمالارنى ھەر قانداق جايدا ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنى يۇقىرى ئورۇندا قويۇشىمىز لازىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نافىئى ئىبنى ئابدۇھارىسنى

مەككە(شەھىرى)گە ئورۇنباسار قىلىپ بېكىتتى. ئاندىن ئۇنى بىر كۈنى ئەسپان دېگەن جايدا ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭغا:"مەككە ئاھالىسىگە كىمنى ئورۇنباسار قىلىپ بېكىتتىڭ؟" دېدى. نافىئى ئىبنى ئابدۇھارىس:"مەن ئۇلارغا بىزنىڭ ئازاد قىلىنغان قۇللىرىمىزدىن ئىبنى ئەبزا دېگەن ئادەمنى ئورۇنباسار قىلىپ بېكىتتىم" دېدى. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:"سەن ئۇلارغا ئازادگەردە قۇلنى ئورۇنباسار قىلىپ بېكىتتىڭمۇ؟"دېدى. ئاندىن نافىئى ئىبنى ئابدۇ ھارىس:"ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! ئۇ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ كىتابىغا قارى، مىراس ئىلىملىرىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ئالىم" دېدى. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلار ھەقىقەتەن مۇنداق دېگەن: **"شەك-شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا مۇشۇ كىتاب، يەنى قۇرئان كەرىم ئارقىلىق بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلسا، يەنە بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى تۆۋەن قىلىدۇ"** (مۇسلىم توپلىغان، «نىدا ئاتۇر رەھمان، لىئەھلىل ئىمان»، ئەرەبچە نەشرى، 208-بەت). مانا بۇ ھەدىستىن سورۇنغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا ۋە ئىش، ۋەزىپىلەرنى باشقۇرۇشقا ئىلىم ئىگىلىرىنى تاللاش كېرەك ئىكەنلىكى، ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا ھەقلەرنىڭ زايە بولۇشىغا ۋە پىتنە-پاساتلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇپ قالىدىغانلىقى ئاشكارا بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ مەسئۇد ئۇقبە ئىبنى ئەمر بەدرىل ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:**"كىشىلەرگە قۇرئاننى ياخشى ئوقۇيالايدىغانلار ئىمام بولسۇن، ئەگەر قىرائەتتە ئوخشاش بولسا، ئۇلارنىڭ سۈننەتنى كۆپرەك بىلىدىغانلىرى ئىمام بولسۇن، ئەگەر سۈننەت ئىلمىدە ئوخشاش بولسا، ئەڭ بۇرۇن ھىجرەت قىلغانلىرى ئىمام بولسۇن، ئەگەر ھىجرەتتە ئوخشاش بولسا، يېشى چوڭلىرى ئىمام بولسۇن ۋە بىر كىشى باشقا بىر كىشىنىڭ تەۋەلىك دائىرىسىدە ئىمام بولمىسۇن ۋە ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئورنىدا رۇخسەتسىز ئولتۇرمىسۇن"** (مۇسلىم توپلىغان). بۇ ھەدىستىنمۇ ھەرقانداق سورۇنغا بىلىمى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ رىياسەتچىلىك قىلىشى كېرەك ئىكەنلىكى ۋە بىر كىشى باشقا بىر كىشىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدە رىياسەتچىلىك قىلىۋېلىشى بولمايدىغانلىقى ۋە ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئورنىدا مېھمانلارنىڭ رۇخسەتسىز ئولتۇرۇۋالسا بولمايدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. شۇڭا مەن تۆۋەندە سورۇن ۋە سورۇنداشلارنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلىگەن ھالدا بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن:

1. سورۇنغا كەلگەن كىشىلەر ئۆز ئارىسىدىكى بىلىمى يۇقىرى كىشىلەرنى ۋە تالانت ئىگىلىرىنى ئاۋۋال سورۇنغا كىرىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئاندىن شۇ بويىچە كىرىشى سۈننەت ھېسابلىنىدۇ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى:**"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇھۇد غازىتىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى بىر قەبرىگە ئىككىدىن قوياتتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ: 'ئىككىسىنىڭ قايسىسى قۇرئاننى كۆپ ياد ئالغان؟' دەيتتى. قۇرئاننى كۆپ ياد ئالغانلىقىغا قايسىسى كۆرسىتىلگەن بولسا، شۇنى قەبرىگە ئىلگىرى قوياتتى"** (بۇخارى توپلىغان). شۇڭا ياشانغان مۇسۇلماننى، قۇرئان كەرىمنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەي ئوقۇغان قارىنى ۋە ئادىل ھوقۇقدارنى ھۆرمەتلەشنى دىنىمىز يۇقىرى ئورۇنغا قويىدۇ. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:**"ياشانغان مۇسۇلماننى ھۆرمەتلەش، قۇرئاننى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەي، تاشلاپمۇ قويماي ئۆزلەشتۈرگەن ئادەمنى ھۆرمەتلەش ۋە ئادىل ھۆكۈمرانى ھۆرمەتلەش ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاشنىڭ جۈملىسىدىندۇر"**(ئەبۇ داۋۇد توپلىغان). ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئۆز ئورنىغا قويۇشقا ھەم ئۇلارنىڭ ئورنى ۋە مەرتىۋىسىگە قاراپ ئىش تۇتۇشقا بۇيرىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: **"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى كىشىلەرنى ئۆز لايىقىدا ھۆرمەتلەشكە، دەپ بۇيرۇغان"** دېگەن(مۇسلىم توپلىغان).

2. سورۇنغا كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆي ئىگىسى ئورنىدىن قوپۇپ، ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈشى مۇھىم سۈننەتتۇر، چۈنكى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا(دادىسى) رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيىگە بارسا، ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ ئورنىدىن تۇراتتى ۋە ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغۇزاتتى. رەسۇلۇللاھمۇ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىگە بارسا، ئۇنىڭغا فاتىمە رەزىيەللاھۇ



www.uyghurkitap.com

ئەنھا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغۇزاتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: "مەن رەسۇلۇللاھقا تەقى-تۇرقى جەھەتتە، ئېغىر-بېسىقلىقى جەھەتتە ۋە ھەرىكەت قىلمىشى جەھەتتە فاتىمە كەرىمەللاھۇ ۋەجھادىن بەكرەك ئوخشايدىغان بىرەر ئادەمنى كۆرمىدىم. ھەرقاچان فاتىمە رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كىرسە، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ئورنىدىن تۇراتتى، ئاندىن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۇنىڭ (پېشانىسىغا) سۆيەتتى ۋە ئۇنى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغۇزاتتى. ھەرقاچان رەسۇلۇللاھ فاتىمەنىڭ قېشىغا كىرسە، فاتىمە ئۇنىڭغا ئورنىدىن قوپاتتى. ئاندىن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۇنىڭ (پېشانىسىغا) سۆيەتتى ۋە ئۇنى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغۇزاتتى" (ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسەئى توپلىغان، «جامىئۇلئۇسۇل، فىئەھادىسىررەسۇل»، ئەرەبچە نەشرى، 5-قىسىم، 254-بەت). بۇ ھەدىستىن ساھىبخانىنىڭ مېھمانلار بىلەن ئۇچراشقاندا ئورنىدىن قوپۇپ، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىكەن، مېھمىنىنى ھۆرمەت قىلسۇن" (مۇسلىم توپلىغان).

3. سورۇنغا كىرگەن كىشىلەر سورۇنداشلارغا "ئەسسالامۇئەلەيكۇم" دەپ سالام قىلىپ كىرىشى مۇھىم سۈننەتتۇر. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "سىلەردىن بىرەرسىڭلار بىرەر سورۇنغا بارسا سالام قىلسۇن، سورۇندىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولسىمۇ سالام قىلسۇن، كېيىنكى سالام ئالدىنقى سالامغا قارىغاندا تېخىمۇ تېگىشلىكتۇر" (ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان). چۈنكى مۇسۇلمانلار ئۆزئارا توپلاشقان سورۇنغا سالام قىلىپ كىرسە، بىر-بىرىگە بولغان مېھرى-مۇھەببەت ۋە ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق كۈنسېرى تەرەققىي قىلىدۇ ھەم سورۇنداشلار ئۇنىڭغا سۈرۈلۈپ ئورۇن چىقىرىپ بېرىشى مۇمكىن بولىدۇ. شۇڭا، سورۇنغا سالام قىلماي چاھارپايلاردەك ئۇسۇپلا ئۇشتۇمتۇت كىرگەن ئادەمنى قايتا سالام قىلىپ كىرىشكە تەشەببۇس قىلىش سۈننەت. كىلەد ئىبنى ھەنبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: "مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (ئۆيىگە) كېلىپ ئۇنىڭغا سالام قىلماي كىرگەندىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قايتىپ چىقىپ 'ئەسسالامۇئەلەيكۇم، كىرەيمۇ؟' دېگىن، دېدى" (ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان).

4. سورۇنغا كىرگەن ئادەم ئىلىم-مەرىپەت جەھەتتە ئارتۇق، ياش جەھەتتە چوڭ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ سورۇنغا ئىلگىرى كىرىپ ئولتۇرغان كىشىدىن ئورۇن تالىشىپ ئۇ كىشىنى ئورنىدىن قوپۇرۇۋېتىش رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننەتلىرىگە خىلاپ قىلمىشتۇر. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سىلەردىن ھېچكىم بىر ئادەمنى ئورنىدىن قوپقۇزۇۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالمىسۇن، لېكىن سۈرۈلۈپ ئورۇن بوشىتىپ بېرىڭلار" دېگەندى. (شۇڭا) "ئىبنى ئۆمەر بىرەرسى ئورنىدىن تۇرۇپ ئورۇن بوشىتىپ بەرسە ئۇ ئورۇندا ئولتۇرمايتتى" (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا باشقىلار رازى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ بەرسە، ئۇنىڭ ئولتۇرمىغانلىقى ھارام تەرىقىدە بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ناھايىتى تەقۋادار ئىكەنلىكى ۋە باشقىلاردىن ئالاھىدە بولۇپ قىلىشتىن ھەزەر قىلغانلىقى ھەم سۈننەتكە بەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا يەنە بىر ئادەم ئولتۇرغان ئورنىدىن قوپۇپ بەردى. ئاندىن (ھېلىقى ئادەم) ئۇ ئورۇندا ئولتۇرۇش ئۈچۈن بارغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى (ئۇ ئورۇندا ئولتۇرۇشتىن) توستى" (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، «ئەتتەرغىبۇ ۋەتتەرھىبۇ مىنەلھەدىسششەرىف»، ئەرەبچە نەشرى، 4-قىسىم، 51-بەت). يەنە سەئىد ئىبنى ئەبى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "بىر گۇۋاھلىقنى ئادا قىلىشتا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلگەندى، ئۇنىڭغا بىر ئادەم ئولتۇرغان ئورنىدىن قوپۇپ بەردى. ئاندىن ئەبۇ بەكرى ئۇ ئورۇندا ئولتۇرۇشقا ئۇنىمىدى ۋە: 'پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق ئىشتىن توستى' دېدى" (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، «مىشكاتۇلماسابىھ»، ئەرەبچە نەشرى، 403-بەت).

5. سورۇنغا كىرگەن ئادەمنىڭ يېقىن ئولتۇرغان ئىككى كىشىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ كىرىپ ئولتۇرۇشى ھالال بولمايدۇ. ئەمر ئىبنى شۇئەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ ئاتىسىدىن، ئاتىسى ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''**يېقىن ئولتۇرغان ئىككى كىشىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر ئادەمنىڭ كىرىپ ئولتۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس**'' (ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان).

ئىلىم-مەرىپەت سورۇنلىرىغا ياكى مەسچىتلەرگە كىرگەندىمۇ ئىككى كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ ئولتۇرۇشتىن ساقلىنىشىمىز مۇھىم سۈننەتتۇر. سەلمان فارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:''**جۈمە كۈنىدە كىشى يۇيۇنۇپ، ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە تازىلىنىپ، ئۆزىنى مايلاپ يا ئۆيدىكى خۇش پۇراقتىن ئىستېمال قىلىپ، ئاندىن بېرىپ ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىنى قىستىماستىن، بەلگىلەنگەن نامازلارنى ئوقۇپ بولۇپ، ئىمام خۇتبە ئوقۇغىچە جىم تۇرسا، ئاللاھ ئۇنىڭ بۇ جۈمە بىلەن ئىككىنچى جۈمە ئارىلىقىدىكى گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ**'' (بۇخارى توپلىغان).

6. سورۇنغا كەلگەن ئىلىم ئىگىلىرىنى ۋە ياخشى كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش ئۈچۈن، سورۇنداشلارنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشى جائىزدۇر. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىنىڭ ئاھالىسى سەئىد ئىبنى مۇئازنىڭ ھۆكمىگە رازى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئىدنى چاقىرىشقا ئادەم ئەۋەتتى، سەئىد كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە: ''**باشلىقىڭلارغا ياكى ياخشى ئادىمىڭلارغا(بۇ ئىككى سۆزنىڭ قايسىسىنىڭ دېيىلگەنلىكى رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ ئېسىدە قالمىغان) ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار**'' دېدى(بۇخارى توپلىغان). (ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن تۇرۇڭلار دېگەن بولىدۇ). بۇنىڭدىن ئەھلى پەزلى، ئەھلى ئىلىم، ئەھلى سالا ئادەملەرنى ھۆرمەتلەپ ئورنىدىن تۇرۇشنىڭ لازىملىقى چىقىدۇ. ئۆزىنى چوڭ ساناپ، باشقىلارنى ئۆزىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرغۇزماقچى بولغانلارغا تۇرماسلىق كېرەك. ئۆزىنى ناھايىتى ئۇلۇغ ئادەم ھېسابلاپ، باشقىلارنى ئۆزىگە ھۆرمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ بېرىشنى ياخشى كۆرگەن ئادەمگە، سورۇنداشلار ئورنىدىن تۇرماسلىق سۈننەتتۇر. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''**كىمكى باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئورنىدىن تۇرۇشنى ياخشى كۆرسە، (ئۇ ئادەم) ئۆزىنىڭ ئورنىنى دوزاختىن تەييارلاپ قويسۇن**''(تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، «مىشكاتۇلماسابىھ»، ئەرەبچە نەشرى، 403-بەت). بۇ ھەدىستىن شۇنى چۈشىنىۋالالايمىزكى، باشقىلارنى ئۆزىگە ھۆرمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ بېرىشنى ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ بۇنداق خەتەرلىك بولۇشى ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق تەبىئىتىنى ئۇنتۇپ، باشقىلارنى چوقۇندۇرۇش دەرىجىدە ھۆرمەتلەشكە سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇڭا يۇقىرىقىدەك ئادەمنى ئۇلۇغ بىلىپ ئورنىدىن تۇرغان كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:''**سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلارغا(زىيان سېلىش ئۈچۈن) شەيتاننىڭ ياردەمچىسى بولماڭلار**'' (بۇخارى توپلىغان، «رەسائىلۇتتەۋ جىھاتۇل ئىسلام»، ئەرەبچە نەشرى، 231-بەت). يەنە ئەبى مىجلەزدىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن:''مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىبنى زۇبەير ۋە ئىبنى ئامىرنىڭ قېشىغا چىقتى، ئىبنى ئامىر ئورنىدىن تۇردى ۋە زۇبەير ئولتۇرۇۋەردى. ئاندىن مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىبنى ئامىرغا: 'ئولتۇرغىن'مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: '**كىمكى باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئورنىدىن تۇرۇشنى ياخشى كۆرسە، (ئۇ ئادەم) ئۆزىنىڭ ئورنىنى دوزاختىن تەييارلاپ قويسۇن**' دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، دېدى''(ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، «جامىئۇلئۇسۇل، فىئەھادىسر رەسۇل»، ئەرەبچە نەشر، 5-قىسىم، 254-بەت).

ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە بىرەر نەرسىنى ياكى بىرەر ئادەمنى بەك ياخشى كۆرسە، ئۇنى چوقۇنۇش دەرىجىسىدە ئۇلۇغلاش سىڭىپ كەتكەن بولغاچقا، رەسۇلۇللاھ ئۆزىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورنىدىن تۇرغان ساھابىلارغا(ئاشۇنداق بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن) ئورنىدىن تۇرماسلىقنى تەشەببۇس قىلغان.

ئەبى ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:"رەسۇلۇللاھ بىزنىڭ قېشىمىزغا ھاسىغا تايىنىپ چىقتى، بىز ئۇنىڭغا ئورنىمىزدىن تۇردۇق، ئاندىن رەسۇلۇللاھ:**'ئەجەملەر(يەنى غەيرى ئەرەبلەر) ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىنى ئۇلۇغلاپ ئورنىدىن تۇرغاندەك، سىلەر ئورنۇڭلاردىن تۇرماڭلار'** دېدى" (ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، «جامىئۇلئۇسۇل، فىئەھادىيسىر رەسۇل»، ئەرەبچە نەشرى، 5-قىسىم، 254-بەت). شۇڭا ساھابىلەر رەسۇلۇللاھنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى كۆرسە ئورۇنلىرىدىن تۇرمايتتى ۋە ئۇنىڭ يوليورۇقلىرىغا بەك ئەمەل قىلاتتى. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: **"ساھابىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىنمۇ سۆيۈملۈكرەك ئادەم يوق ئىدى، بىراق ئۇنى كۆرگەندە ساھابىلەر ئورنىدىن تۇرۇشمايتتى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنداق قىلىشنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بىلەتتى"**(تىرمىزى توپلىغان ۋە بۇ ياخشى، توغرا ھەدىستۇر، دېگەن. «مىشكاتۇل مەسابىھ»، ئەرەبچە نەشرى، 403-بەت). بۇ ھەدىس شەرىفلەردە رەسۇلۇللاھ ئۆزىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورنىدىن تۇرغان ساھابىلەرنى نېمە ئۈچۈن بۇ دەرىجىدە توسىدۇ؟ چۈنكى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ھەددىدىن تاشقىرى ھۆرمەتلەپ ۋە ماختاپ ھەم ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى ئىبادەت قىلىدىغان جاي قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ بىز مۇسۇلمانلارنى ئاشۇ ئۈممەتلەرگە ئوخشاش ئېزىپ كېتىشىمىزدىن ئاگاھلاندۇرغاندۇر.

**7**. سورۇنغا كېچىكىپ كەلگەن ئادەم، سورۇنداشلارنى قوزغاپ قىينچىلىق پەيدا قىلماسلىقى ئۈچۈن، قەيەردە بىكار ئورۇن بولسا شۇ يەردە ئولتۇرۇش سۈننەتتۇر. جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، **"قاچانكى بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلسەك، توغرا كەلگەن يەردە ئولتۇراتتۇق"**(ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان). بۇ ھەدىسكە ئاساسلانغاندا ئاممىۋى سورۇنلاردا بولسۇن ياكى مەسچىتلەردە بولسۇن ئۆزى ئولتۇرۇش ئۈچۈن باشقىلارنى ئورنىدىن قوپۇرۇۋەتمەي، قەيەر توغرا كەلسە شۇ يەردە ئولتۇرۇش مۇھىم ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەبۇ ۋاقىد لەيسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتتە تۇرغان چاغدا ئۈچ ئادەم كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىككىسى رەسۇلۇللاھ تەرەپكە يۈزلەندى، بىرسى كېتىپ قالدى. رەسۇلۇللاھ تەرەپكە يۈزلەنگەنلەرنىڭ بىرسى بىر بوش جاينى كۆرۈپ شۇ يەردە ئولتۇردى، يەنە بىرسى كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇردى. كېتىپ قالغان بىرسى ئۇدۇل چىقىپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ بىكار بولغاندىن كېيىن(خۇتبە ئوقۇش ياكى دىنىي تەلىم بېرىشتىن بىكار بولغاندىن كېيىن)، جامائەتكە:**'سىلەرگە يۇقىرىدىكى ئۈچ ئادەمنىڭ ھالىدىن خەۋەر بېرەي: بوش جايدا ئولتۇرغان ئادەم ئاللاھقا ئىلتىجا قىلدى-دە، ئاللاھ ئۇنىڭغا جاي بەردى، ئارقىدا ئولتۇرغان ئادەم جامائەتنى قىستاشنى خوپ كۆرمىدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلدى، كېتىپ قالغان ئادەم پەيغەمبەرنىڭ سۆھبىتىدىن قاچتى، ئاللاھ ئۇنىڭغا غەزەپ قىلدى'** دېدى"(بۇخارى توپلىغان).

**8**. سورۇنغا كەلگەن ئادەمنىڭ ئولتۇرغۇچىلارنىڭ مۈرىلىرىدىن ئاتلاپ سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇشى قەتئىي دۇرۇس ئەمەس. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن:**"ھالقا بولۇپ ئولتۇرغانلارنىڭ(يەنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ) ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان ئادەم، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق لەنەت قىلىنغۇچىدۇر"**(ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، «مىشكاتۇل مەسابىھ»، ئەرەبچە نەشرى، 404-بەت).

**9**. سورۇنغا كەلگەن ئادەم، سورۇنداشلارنى قىستاپ ئولتۇرماسلىقى ۋە كەڭ-كەڭرى ئولتۇرۇپ بىر-بىرىگە راھەت بېغىشلىشى سۈننەت. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"سورۇننىڭ ياخشىسى، ئۇ سورۇننىڭ كەڭرى بولغىنىدۇر"** (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، "مىشكاتۇل مەسابىھ"، ئەرەبچە نەشرى، 405-بەت). مانا بۇ ھەدىستىن چاقىرىلغان مېھمانغا لايىق كەڭرى سورۇننى ئالدىدىن تەييارلاش كېرەك ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

**10**. سورۇنغا بۇرۇن كېلىپ ئولتۇرغان ئادەم بىرەر ئۆزرە سەۋەبى بىلەن ياكى ھاجىتىنى ئادا قىلىش

سەۋەبى بىلەن سورۇندىن چىقىپ كەتكەن بولسا، قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇش ھوقۇقى باردۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”قاچانكى بىرىڭلار ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ ئاندىن ئورنىغا قايتىپ كەلسە، شۇ ئورۇندا ئولتۇرۇشقا ھەقلىقتۇر“ (مۇسلىم توپلىغان).

11. سورۇنغا چاقىرىلغان ئادەمگە باشقا بىر كىشى ئەگىشىپ بىللە بارغان بولسا، ئۇ كىشىنى سورۇنغا باشلاپ كىرىش ياكى كىرمەسلىك توغرىسىدا ساھىبخانىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش سۈننەتتۇر. ئەبۇ مەسئۇد بەدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ”بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بەش كىشىلىك تاماق تەييارلانغان سورۇنغا تەكلىپ قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەشىنچىسى ئىدى، بىراق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ سورۇنغا ماڭغاندا يەنە بىر كىشى ئۇنىڭغا ئەگىشىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھىبخانىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ساھىبخانىغا: ‹بۇ كىشى بىزگە ئەگىشىپ كەلدى، ئەگەر خالىساڭ كۆتۈۋالغىن، خالىمىساڭ كەتكۈزۈۋەتكىن› دېدى. ئۆي ئىگىسى: ‹بولىدۇ، ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇ مېھمان بولسۇن› دېدى“ (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان). بۇ ھەدىستىن چاقىرىلمىغان سورۇنلارغا بىرىشقا بولمايدىغانلىقى ئاشكارا بولىدۇ.

12. سورۇندا ئۈچ ئادەم بولسا، ئىككىسى بىرىنى يالغۇز قويۇپ پىچىرلىشىشى ياكى ئۇ بىلمەيدىغان تىلدا راۋان سۆزلىشىشى قەتئىي دۇرۇس ئەمەس. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ”ئەگەر ئۈچ ئادەم بىر يەردە بولساڭلار، ئىككىڭلار پىچىرلىشىپ ئۈچىنچى ئادەمنى يالغۇز قويماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار ئۇنى غەمگە سېلىپ قويىسىلەر، ئەمما جامائەت بولۇپ تۇرغۇنۇڭلاردىكى ئەھۋاللار بۇنىڭدىن مۇستەسنا“ (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان). بۇ ھەدىستىن ياخشى ئىشلار توغرىسىدا بولسىمۇ ئىككى كىشىنىڭ ئۈچىنچى بىر كىشىنى يالغۇز قويۇپ پىچىرلىشىشىغا بولمايدىغانلىقى، ئۇنداق بولغاندا ئۈچىنچى كىشىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئازار يەيدىغانلىقى ھەم يامان گۇماندا بولۇپ قالىدىغانلىقى ئايان بولىدۇ.

13. سورۇندا ئولتۇرغان ئادەم، باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشۋاتقان سورۇنداشلارغا غەيۋەت قىلماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىشى تولىمۇ ساۋابلىق ئىشتۇر. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”كىمكى بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ غەيۋىتى قىلىنغان يەردە ئۇنىڭ ئابرۇيىنى ساقلاپ قالسا ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنى دوزاختىن ساقلاپ قالىدۇ“ (تىرمىزى توپلىغان).

14. مۇسۇلمانلار داخان، رەمچى، بىدئەتچى قاتارلىق... كىشىلەرنىڭ سورۇنلىرىدا ئولتۇرماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئۇنداق كىشىلەر دىننى ئويۇن-كۈلكە قىلىۋېلىپ دۇنيا تىرىكچىلىكىگە ئالدانغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ، ئۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى مۇناسىپ بولمىغان ئورۇنغا قويۇپ نادان ئادەملەرنى قايمۇقتۇرىدىغان يالغانچىلاردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز توغرىسىدا (تەنە ۋە مەسخىرە قىلىپ) پاراڭ سېلىشىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگىنىڭدە، ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا پاراڭغا چۆشمىگىچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن، ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماسلىقنى شەيتان ساڭا ئۇنتۇلدۇرغان بولسا، ئېسىڭگە كەلگەندىن كېيىن، زالىم قەۋم بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن.**

——سۈرە «ئەنئام» (6 - سۈرە)، 68 - ئايەت

15. كوچىلاردا، بازار-رەستىلەردە توپلىشىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، باشقىلارنىڭ بىمالال يول يۈرۈشىگە دەخلى يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش مۇھىم سۈننەتتۇر. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”كوچىلاردا ئولتۇرۇشتىن ساقلىنىڭلار“ دېگەندە، كىشىلەر: ”ئۇ يەردە ئولتۇرمىساق بولمايدۇ، چۈنكى كوچىلار بىزنىڭ ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشىدىغان جايىمىز“ دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: ”كوچىلاردا يەنىلا ئولتۇرىۋېرىدىغان بولساڭلار، كوچىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ ئولتۇرۇڭلار“ دېدى. ئۇلار: ”كوچىنىڭ ھەققى نېمە؟“ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ: ”كوچىنىڭ ھەققى (ھارامدىن) كۆزنى يىغىش، (كىشىلەرگە) ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك، سالام

بەرگەنلەرنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىش، كىشىلەرگە ئەمر مەرۇپ، نەھيى- مۇنكەر قىلىش›› دېدى(بۇخارى توپلىغان). بۇ ھەدىستىن يولنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ ئولتۇرسا دۇرۇس بولىدىغانلىقى ئايان بولىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا يولدا ئولتۇرۇش چەكلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**سىلەر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلارنى قورقۇتقان، ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقان ۋە ئۇ يولنىڭ ئەگرىلىكىنى تىلىگەن ھالدا يوللاردا ئولتۇرماڭلار.**

——سۈرە«ئەئراف»(7 - سۈرە)، 86 - ئايەت

**16**. ئاپتوبۇسلاردا ۋە باشقا قاتناشلاردا ئولتۇرغان ئادەم، ياشانغان كىشىلەرنى، قوچىقىدا بالىسى بار ئاياللارنى، ئاجىز ۋە مېيىپلارنى ئۆرە تۇرۇپ قالغان ھالەتتە كۆرسە، ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن ئورۇن بىكار قىلىپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئىبنى ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **‹‹كىچىكلىرىمىزگە رەھىم قىلمىغان، چوڭلىرىمىزنى ھۆرمەتلىمىگەن، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇمىغان، يامان ئىشلاردىن توسمىغان ئادەملەر بىزگە مەنسۇپ ئەمەس››** (تىرمىزى توپلىغان).

**17**. سورۇندىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولغان ئادەمنىڭ سورۇنداشلارغا ‹‹ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم›› دەپ سالامەتچىلىك تىلەپ قايتىشى مۇھىم سۈننەتتۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **‹‹سىلەردىن بىرەرسىڭلار بىرەر سورۇنغا بارسا سالام قىلسۇن، سورۇندىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولسىمۇ سالام قىلسۇن، كېيىنكى سالام ئالدىنقى سالامغا قارىغاندا تېخىمۇ تېگىشلىكتۇر››**(ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان). بۇ ھەدىس سورۇندىن تۇرغاندا سالام قىلىپ قايتىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.


**18**. سورۇندىن قايتىپ چىققان مېھماننى ساھىبخانىنىڭ ئىشىك ئالدىغىچە بىللە چىقىپ ئۇزىتىپ قويۇشى سۈننەتتۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:**‹‹بىر ئادەم ئۆزىنىڭ مېھمىنى بىلەن ھويلىنىڭ ئىشىكىگىچە(ئۇزىتىپ بىللە) چىقىشى سۈننەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر››**(ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، «مىشكاتۇل مەسابىھ»، ئەرەبچە نەشرى، **370** - بەت). بۇ ھەدىسكە ئاساسلانغاندا، ساھىبخانىنىڭ مېھماننى ئۇزىتىپ ئىشىك ئالدىغىچە بىللە چىقىشى ئۇنى ھەققىي ھۆرمەتلىگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ھەم مېھمانمۇ ساھىبخانىدىن خۇرسەنلىك ھېس قىلىپ قايتىپ كېتىدۇ.

**19**. سورۇندىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولغان ئادەمنىڭ تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇشى مۇھىم سۈننەتتۇر. چۈنكى ئۇ دۇئا سورۇندا ئۆتۈلۈپ قالغان گۇناھلارغا كاففارەت بولىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **‹‹كىمكى بىرەر سورۇندا ئولتۇرۇپ، ئۇ سورۇندا پايدىسىز سۆزنى كۆپ قىلغان بولسا، ئۇ سورۇندىن تۇرۇپ كېتىشتىن بۇرۇن: ‹سۇبھانەكەللاھۇممە ۋەبىھەمدىكە، ئەشھەدۇ ئەن لائىلاھە ئىللائەنتە، ئەستەغفىرۇكە ۋە ئەتۇبۇ ئىلەيكە› (ئى ئاللاھ! سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، سېنى مەدھىيىلەيمەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، گۇناھلىرىمنى ئەپۇ قىلىشىڭنى سورايمەن، ساڭا تەۋبە قىلىمەن) دېسە، ئۇنىڭ شۇ سورۇندىكى گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ››**(تىرمىزى توپلىغان). مانا بۇ دۇئا سورۇندىكى بىھۇدە گەپ-سۆزلەرنىڭ ۋە شۇ سورۇندا ئۆتۈلۈپ قالغان كىچىك گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا دۇنيادىكى بارلىق ئەر-ئايال مۇسۇلمانلىرىمىزنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفنىڭ تەلىماتلىرىغا ھەقىقىي ئەمەل قىلىدىغان مۆمىنلەردىن قىلغاي، ئامىن!

(ئاپتور: قەشقەر شەھىرىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com




8 ـ ئەسىر ئوتتۇرىلىرى( مىلادىيە 750 ـ يىلى) ئابباسىيە سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەرەبلەرنىڭ ھەربىي كېڭەيمىچىلىكى ئاساسەن توختاپ، سۇلالە ۋەزىيىتى كۈندىن ـ كۈنگە مۇقىملاشقان. بۇ چاغدا سۇلالە زېمىنى ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپالارغىچە كېڭەيگەن ئىدى. ئاببasىيە سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى 100 يىلىدەك مەزگىلىدە (750 ـ يىلدىن 842 ـ يىلغىچە)، بولۇپمۇ خەلىپە ھارۇن رەشىد(786 ـ يىلدىن 809 ـ يىلغىچە سەلتەنەت سۈرگەن) ۋە خەلىپە مەئمۇن(813 ـ يىلدىن 833 ـ يىلغىچە سەلتەنەت سۈرگەن) ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلارنىڭ تېزدىن تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەت ـ مائارىپ جەھەتتە دۇنياۋى خاراكتېرلىك گۈللىنىش مەيدانغا كەلگەن. تەرەققىيپەرۋەر ھاكىمدار خەلىپىلەر شۇنچە كەڭ زېمىنغا، جۇملىدىن مەدەنىيەت جەھەتتىن ئۆزلىرىدىن ئالغا كەتكەن ئەللەرگە بولغان ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، جۇملىدىن مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ ۋە دىن تارقىتىشنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش نىيىتىگە كېلىپ، بۇ ئىشنى يۇنان، پارس، ھىندىستان، رىم قاتارلىق ئەينى چاغدىكى مەدەنىيەتلىك ئەللەرنىڭ قەدىمىي ئىلىم ـ پەن مىراسلىرىنى يىغىپ ۋە رەتلەپ ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇش بىلەن باشلىغان.

ئەينى ۋاقىتتا باغدادتا تەسىس قىلىنغان ''بەيتۇل ھېكمەت'' مانا مۇشۇنداق شارائىتتا مەيدانغا كېلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمىي يازما مەدەنىيىتىنى قېزىش، ساقلاپ قېلىش، تەتقىق قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە ئالەمشۇمۇل تۆھپە قوشۇپ، ئەرەبلەردە مەيدانغا كەلگەن ''ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىلىم ـ پەننىڭ بۆلىقى، ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ خەزىنىسى، ئالىملارنىڭ مۇقەددەس قەسرى'' دېگەندەك شان ـ شەرەپلەر بىلەن ناملانغان.

تەرجىمە ئىدارىسى، پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە كۈتۈپخانا قاتارلىق ئورگانلاردىن تەركىب تاپقان ''بەيتۇل ھېكمەت'' ئەينى ۋاقىتتىكى سۇلالە مەملىكەتلىك خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسال ئىلمىي تەتقىقات ئورگىنى بولۇپ، ''دارىل ھېكمەت''، ''ئاقىللار سارىيى'' دەپمۇ ئاتالغان. خەلىپە مەنسۇر(754 ـ يىلدىن 775 ـ يىلغىچە سەلتەنەت سۈرگەن) ۋە خەلىپە ھارۇن رەشىد مەزگىلىدە باغدادتا ئوردا تەرجىمە ـ تەتقىقات ئورگىنى ۋە خەلىپىلىك كۈتۈپخانىسى تەسىس قىلىنغانىدى. خەلىپە مەئمۇن پۈتۈن سۇلالە بويىچە تەرجىمە ھەرىكىتى ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ۋە مۇكەممەل ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن، 830 ـ يىلى يارلىق چۈشۈرۈپ ۋە 200مىڭ دىنار سەرپ قىلىپ، ئەسلىدىكى تەرجىمە ـ تەتقىقات ئورگىنى ۋە ئوردا كۈتۈپخانىسى ئاساسىدا دۇنياغا داڭلىق ''بەيتۇل ھېكمەت''نى قۇرۇپ چىققان ۋە بۇ ئورگان ئىسلام دۇنياسىدا دۆلەت دەرىجىلىك تۇنجى ئۇنىۋېرسال ئىلمىي تەتقىقات ئورگىنى ۋە ئالىي مائارىپ بىلىم يۇرتى بولۇپ

شەكىللەنگەن.

بەيتۇل ھېكمەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ئورگانلارنىڭ مەسئۇللۇقىغا بىلىمى چوڭقۇر ۋە مول بولغان ئالىم ــ ئۆلىمالار تەيىنلەنگەن. مەسىلەن، مەشھۇر خىرىستىئان تىببى ئالىمى ۋە مۇتەرجىم يەھيا ئىبنى مەسەۋەي(777 ــ 857) خەلىپە مەئمۇن تەرىپىدىن بەيتۇل ھېكمەتنىڭ تۇنجى باشلىقى قىلىپ تەيىنلەنگەن؛ نىستورى دىنىدىكى مۇتەرجىم ۋە ئالىم ھۇنەيىن ئىبنى ئىسھاق(809 ــ 873) تەرجىمە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەنگەن ۋە ”مۇتەرجىملەر شەيخى“ دېگەن شەرەپ نامى بىلەن ئاتالغان. مۇسۇلمانلاردىن مەشھۇر ماتېماتىك ۋە ئاسترونوم مۇھەممەد ئىبنى مۇسا خارازەمى(780 ــ 850)مۇ كۇتۇپخانا باشلىقى ۋە رەسەتخانا باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

خەلىپە مەئمۇننىڭ ئۆزى كامالەتلىك ئالىم بولغاچقا، ئىلىم ــ پەن جەھەتتە، ئىلمىي تەتقىقاتتا ھەممە جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشنى قوللاش يۈنىلىشىنى قوللانغان. شۇڭا، نۇرغۇن جايلاردىن بىر مۇنچىلىغان چوڭقۇر بىلىملىك ئالىملار ۋە مۇتەرجىملەرنى بەيتۇل ھېكمەتتە تەرجىمە ــ شەرھى ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا يۇقىرى مائاش بىلەن تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتكەن، تەكلىپ قىلىشتا، يۇرت، ئىرق، مىللەت ۋە دىن ئايرىمىسى قويمىغان، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرەبلەرمۇ، غەيرى ئەرەبلەرمۇ بار ئىدى؛ مۇسۇلمانلارمۇ، غەيرىي مۇسۇلمانلارمۇ، جۇملىدىن، يەھۇدىي، سابىئ ۋە ئاتەش دىنىدىكىلەرمۇ بار ئىدى.

بەيتۇل ھېكمەت بەرپا قىلىنىپ 200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، يۇنان، رىم، ئىران، ھىندىستان قاتارلىق قەدىمىي مەدەنىيەتلىك ئەللەرنىڭ كىلاسسىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يىغىپ، تەرجىمە قىلىپ، شەرھلەپ، ساقلاپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ روناق تېپىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشتى:

بىرىنچىدىن، ھەرقانداق ئەجىرە كېتىشىگە قارىماي، ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يىغىش، توپلاش، شەرھلەش ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىنسانىيەت تۇرمۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش جەھەتتە نەمۇنە تىكلەپ بەردى.

مىللەت، ئىرق، نەسەب، ئېتىقاد ئايرىماي، قايسى مىللەتنىڭ، قايسى تەبىقىنىڭ بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، مەدەنىيەت مىراسلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ بەردى.

دەرۋەقە، دارىل ھېكمەت مىڭ بىر جاپا ــ ئەمگەك بىلەن ۋە نۇرغۇن خىراجەت خەجلەپ يىغىپ توپلىغان ۋە تەرجىمە قىلدۇرغان نەچچە يۈز پارچە كىلاسسىك ئەسەر ھەرقايسى جايلاردىكى تۈرلۈك مىللەت ئالىملىرىنىڭ ئەمگەك مېۋىسى ئىدى. دارىل ھېكمەتكە يۇقىرى ھەق بېرىپ تەكلىپ قىلىنغان يۈز نەچچىلىگەن ئالىم ــ تەرجىمانلارمۇ ھەرقايسى مىللەتلەردىن، ھەرقايسى تەبىقىلەردىن، ھەرقايسى دىنىي ئېتىقادتىكىلەردىن بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاج تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت ئالىي غايە بىلەن جەملەنگەن ئىدى.

ئىككىنچىدىن، ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان قەدىمكى يۇنان پەن ــ مەدەنىيىتى مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇپ ساقلاپ قالدى. ھەرقايسى جايلاردىن نەچچە يۈز خىل قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسى ۋە ئىلىم ــ پەن ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى ۋە قول يازما نۇسخىلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، يىغىپ كېلىپ، رەتلەپ، سېلىشتۇرۇپ، تۈزىتىپ چىقتى ۋە ساقلىدى. خەلىپە مەئمۇن ئالدى بىلەن مۇتەرجىم سالامنى كونىستانتىنپولدىكى ۋىزانتىيە پادىشاھ ئوردىسىغا ئەۋەتىپ، ئۇ يەردە تۈرۈۋاتقان يۇنان تىلىدىكى ئەتىۋارلىق ئەسەرلەرنى قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ ئەكەلدۈردى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ھۇنەيىن ئىبنى ئىسھاق(809 ــ 877)نى ئىراق، شام (سۈرىيە)، مىسىر، رىم قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ، قەدىمىي ئەسەرلەرنى يىغىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ھۇنەيىن گرېك تىلى، پارس تىلى، قەدىمىي سۈرىيە تىلى ۋە ئەرەب تىلىغا پىششىق، تەرجىمشۇناسلىقتا داڭ چىقارغان ھەم تېبابەتچىلىككە ئۇستا ئالىم ئىدى. كەسىپ ئەھلىلىرى ئەۋەتىلىپ، ھەريەر ھەريەردىن ئەتىۋارلىق قەدىمىي ئەسەرلەرنى يىغىپ توپلاش نەتىجىسىدە، بەيتۇل

ھېكمەتنىڭ كۆتۈپخانىسىدا گرېكچە، قەدىمىي سۈرىيەچە، پارسچە، ئىبرايچە، ناباتىچە، سانسكرىتچە، ئەرەبچە قاتارلىق تىللاردىكى پەلسەپە، تەبىئىي پەن، ئىنسانشۇناسلىق ئىلمى، ئەدەبىيات ۋە تىلشۇناسلىققا دائىر ئەسلى نۇسخا ۋە قول يازما ئەسەرلەردىن نەچچە ئون مىڭ نۇسخا ساقلانغان بولۇپ، ئالىملارنىڭ تەرجىمە، تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى نۇرغۇن ئەتىۋارلىق ۋەسىقىلەر بىلەن تەمىنلىگەنىدى.

ئۈچىنچىدىن، بەيتۇل ھېكمەت بىنا قىلىنغاندىن كېيىن، تەرجىمە خىزمىتىنى ئۆزىنىڭ قارمىقىدىكى تەرجىمە ئىدارىسىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، تەرجىمە پائالىيىتىنى ئەۋجىگە كۆتۈردى. بۇ خىل تەرجىمە ھەرىكىتى ئۇمەۋىيە سۇلالىسى ۋاقتىدىلا باشلانغان بولسىمۇ ئەمما كەڭ دائىرىدە بولمىغان ۋە مۇكەممەللەشمىگەنىدى. 9 ـ ئەسىر بولۇپمۇ خەلىپە مەئمۇن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋر تەرجىمە ھەرىكىتىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرى بولدى. بۇ دەۋردىكى تەرجىمە ئىدارىسىدىكى ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسى كۆپ خىل تىلغا ماھىر بولۇپ، ھەم مۇتەرجىم، ھەم تەتقىقاتچى ئىدى. ئۇلار قەدىمىي يۇنان، پارس، ھىندىلارنىڭ ئىلىم ـ پەن جەھەتتىكى نەچچە يۈز خىل قەدىمىي ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ۋە شەرھلەپ چىققان، ھەمدە ئىلگىرى تەرجىمە قىلىنغان مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرنى سېلىشتۇرۇپ تۈزىتىپ، ئۆزگەرتىپ ۋە قايتا تەرجىمە قىلىپ ئىشلىگەن. ئۇلار بۇ ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، بۇ ئەسەرلەر ئۈستىدە نۇرغۇن تۈزىتىش، شەرھلەش، گۇمانىي مەسىلىلەرنى قويۇش، تولۇقلاپ توغرىلاش، مۇھىم مەزمۇنلارنى تەرمىلەش، مۇھاكىمە باھاسى بېرىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي قاراشلىرىنى نامايان قىلغان؛ كۆپ قېتىم تىلدىن تىلغا تەرجىمە قىلىنىش نەتىجىسىدە ئەسلى مەنىسى بۇرمىلىنىپ كەتكەن ئەسەرلەرنى سېلىشتۇرۇپ تۈزىتىش، قايتا تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ئەسلى ئەسەرنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ھېسابلىنىپ چىقىلىشىچە، تەرجىمە ئىدارىسىدا تۈرلۈك ئىلىم ـ پەن ساھەلىرىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنىپ چىققان مەشھۇر ئەسەرلەر نەچچە يۈز خىلدىن ئاشىدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە يۇنان تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر ئەڭ كۆپ بولۇپ، پەلسەپە، لوگىكا، سىياسىيشۇناسلىق، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، فىزىكا، تېبابەتچىلىك، كىمياگەرلىك (مېتال تاۋلاش)، جۇغراپىيە قاتارلىق ساھەلەردىكى ئەسەرلەر 100 خىلدىن ئاشىدىكەن، بۇلاردىن:

ئارىستوتېلنىڭ «مېتافىزىكا»، «قۇرال پەنلەر»، «كاتېگورىيە»، «شەرھى»، «لوگىكا»، «فىزىكا»، «ئېتىكا»، «ئالەم توغرىسىدا»، «بارلىققا كېلىش ۋە يوقىلىش»، «بەس ـ مۇنازىرە»، «روھ توغرىسىدا»، «مېترولوگىيە»، «ھايۋانات تەزكىرىسى»، «شېئىرىيەت»، «مەسىلىلەر» قاتارلىق ئەسەرلىرى؛ پلاتوننىڭ «غايىۋى دۆلەت»، «قانۇن»، «سىياسىئون»، «دانالار»، «ياقلاش» قاتارلىق ئەسەرلىرى؛ پىتاگۇراسنىڭ «ئالتۇن ھېكمەتلەر» دېگەن ئەسىرى؛ بوفىلىنىڭ «لوگىكا مۇقەددىمىسى» دېگەن ئەسىرى؛ ئۆكلىدنىڭ «گېئومېترىيە قائىدىسى» دېگەن ئەسىرى؛ پتولېمىينىڭ «تۆت قامۇس»، «ئاسمان جىسىملىرى قامۇسى»، «جۇغراپىيە»، «ئوپتىكا» قاتارلىق ئەسەرلىرى؛ ئارخېمىدنىڭ «شار ۋە سىلىندىر توغرىسىدا»، «تەكشىلىك مۇۋازىنىتى»، «چەمبەر ئايلانمىسى ئېنىقلىمىسى»، «لەيلىگۈچى جىسىم توغرىسىدا»، «قانۇن» قاتارلىق ئەسەرلىرى؛ گرېئىن(گالېن)نىڭ «ئاناتومىيە»(يەتتە جىلد)، «ماھارەت» قاتارلىق تېبابەتكە ئائىت بارلىق ئەسەرلىرى؛ ھىپپوگرات بىلەن پائولنىڭ تېبابەتكە ئائىت بارلىق ئەسەرلىرى قاتارلىقلار بار.

ئاساسلىقى پارسلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئۇمەييەلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ئاbباسىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىلىرى پارس كلاسسىك ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشقىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. شۇڭا، پارسلارنىڭ ئاساسلىق كلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. پارسچىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان تارىخ، تىل، ئەدەبىيات، دىن قاتارلىقلارغا دائىر ئەسەرلەر 20نەچچە خىل بولۇپ، «پىرسىيە خانلىرىنىڭ تارىخى»، «ئەيينامە»، «مەزدەك»، «شاھ تاجى»، «كەلىلە ۋە دېمنە»، «ھەزار ئەفسانە»(مىڭ ھېكايە)، «ئاۋىستا»، «زەنگۇتا»،

«زوروئاسترىنىڭ مۇرىتلىرى»، «نەمرۇد»، «بەھرام نىتۇس»، «رۇستەم بىلەن ئىسفەندىيار» قاتارلىقلار بار.

ھىندىستاننىڭ سانسكرىت تىلىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، تېبابەتچىلىك جەھەتتىكى ئەسەرلىرى 30 خىلغا يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاسترونومىيەگە ئائىت«سىند ـ ھىند»(«بەررا ھېمەيىسقۇتا سىند ـ ھىند»)؛ تېبابەتچىلىككە ئائىت «سوسرودو» («سوستىلاتا»)، «چاكار تېبابەت مەجمۇئەسى»؛ ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدىن: «ئابىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى»، «ھىندىستان ئەر ـ ئاياللىرىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلى»، «ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئادەتلىنىپ قالغان ھىندىستان پادىشاھى»، «ساناقنىڭ تەدبىرى»، «بەيدبا ھېكمەتلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەر بار.

ئەمەلىيەتتە پارسچە نۇسخىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان «كەلىلە ۋە دېمنە»، «مىڭ ھېكايە(«ھەزار ئەفسانە») قاتارلىق ئەسەرلەرمۇ ئەسلىدە ھىندىستاننىڭ سانسكرىت تىلىدىكى ئەسەرلىرى ئىدى. بۈگۈنگە قەدەر دۇنيادا ئورتاق قوللىنىپ كېلىۋاتقان ’’ئەرەب رەقىمى‘‘نىڭ نۆل رەقىمى ۋە ئۇنىڭ ئونلۇق ئۆلۈشلەر خانىسى ئۇسۇلىنىمۇ ئەرەبلەر مۇشۇ مەزگىلدە ھىندىستاننىڭ ماتېماتىكا بىلىملىرىنى ئۆزلەشتۈرگەندە ھىندىستاندىن كىرگۈزۈپ قوبۇل قىلىپ، ئاندىن غەربكە جۈملىدىن پۈتۈن دۇنياغا تارقاتقان(ھىندىستاندا نۆلنىڭ بەلگىسى ئەسلىدە چېكىت ‹.› ئىدى. غەربكە تارقالغاندىن كېيىن چەمبەر‹0›گە ئۆزگەرتىلگەن. ئەمەلىيەتتە ئەرەبلەر ھازىرغىچە ئۆز رەقىمىدە نۆل‹0› ئورنىدا چېكىت‹.›نى ئىشلىتىپ كەلمەكتە).

ئەينى ۋاقىتتا ھىندىستان تېۋىپلىرىنىڭ تېبابەتچىلىك ماھارىتى ھەقىقەتەن يۇقىرى ئىدى. شۇڭا، ئەرەبلەر ھىندىستاننىڭ تېبابەتچىلىك ئەسەرلىرىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلدۇرۇپلا قالماستىن، باغداد قاتارلىق جايلاردىكى شىپاخانىلارنىڭ ھەممىسىدە ھىندىستانلىق تېۋىپلارنى تەكلىپ قىلىپ دەرس ئۆتكۈزگەن ياكى تېۋىپلىق قىلغۇزغان.

بۇلاردىن باشقا، باناتى تىلىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىككە دائىر ئەسەرلەرمۇ 20خىلغا يېتىدۇ. قەدىمكى سۇرىيە تىلى، ئىبراي تىلىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان ئەدەبىيات، سەنئەت ۋە پەن ـ تېخنىكىغا دائىر ئەسەرلەردىنمۇ نەچچە ئون خىلى بار.

شۇنداقلا يەنە دارىل ھېكمەت تەرجىمە پائالىيىتى داۋامىدا، كوللېكتىپ بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ تەرجىمە ۋە بايان قىلىش ئۇلگىسىنى تىكلەپ بەردى. بەيتۇل ھېكمەتتە تەرجىمىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان چوڭ ھەجىملىك ۋە مۇھىم دەپ قارالغان ئەسەرلەرنى تەرجىمان ۋە ئالىملار بۆلەكلەرگە تەقسىم قىلىۋېلىپ تەرجىمە قىلدى ۋە شەرھلىدى، دەسلەپكى تەرجىمە ئورىگىنالى پۈتكەندىن كېيىن، كوللېكتىپ ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ تەرجىمىسىنى تەھرىرلىدى، ئاخىرىدا باش تەرجىمان تەكشۈرۈپ بېكىتىپ چىقتى. بەزى ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسى نەچچە ئەۋلاد تەرجىمانلارنىڭ دەسلەپ تەرجىمە قىلىشى، قايتا تەرجىمە قىلىشى ئارقىلىق ئاندىن تاماملاندى.

ئۈچىنچىدىن، بەيتۇل ھېكمەت ھەرخىل پەنلەر بويىچە ئىلمىي دوكلات ۋە مۇھاكىمە ـ مۇنازىرە يىغىنلىرىنى دائىم ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى، يىغىن مەزمۇنى پەلسەپە، دىنشۇناسلىق، ئاسترونومىيە، تېبابەت، ئەدەبىيات قاتارلىق ساھەلەردە بولاتتى. مۇھاكىمە ـ مۇنازىرە يىغىنىدا، ھەرخىل قاراشتىكىلەر ئەركىن ـ ئازادە سۆزلەپ ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى بايان قىلاتتى، ئەركىن مۇھاكىمە قىلىشىشتەك ئىلمىي كەيپىيات ناھايىتى قويۇق ئىدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، بەيتۇل ھېكمەت بىر قېتىم خىرىستىئان دىنى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئىلاھىيەت قارىشى توغرىسىدا مۇنازىرە يىغىنى ئۆتكۈزگەن. خەلىپە مەئمۇن بىر ئالىم سۈپىتىدە بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيىتىگە قاتناشقان. يىغىندا، خىرىستىئان ئېپىسكوپى سۇۋۇدۇس ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىگە زىت قاراشلىرىنى يوشۇرماستىن بايان قىلغان. خەلىپە مەئمۇن ۋە ئىسلام ئالىملىرى ئۇنىڭ قاراشلىرىنى كۆڭلىگە ئالمىغان بەلكى پەقەت تەڭ باراۋەر پوزىتسىيىدە تۇرۇپ ئۆز قاراشلىرىنى بايان قىلغان.

بەيتۇل ھېكمەت يەنە كىتاب يازغان ۋە تەلىمات ئىجتىھات قىلغان ئالىملارنى مۇكاپاتلايتتى، ئۇلارنىڭ ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۇقىرى ھەق بېرەتتى.

بەشىنچىدىن، بەيتۇل ھېكمەت يەنە

ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش مەركىزى ئىدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا رەسەتخانا(ئاسترونومىيە ئوبسېرۋاتورىيىسى)، تېببىي مەكتەپ، ئاسترونومىيە مەكتىپى بار ئىدى. ھەرقايسى جايلارنىڭ تالىبۇل ئىلملىرى بەيتۇل ھېكمەتكە كېلىپ، داڭلىق ئالىملارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلاردىن ھەرساھە پەنلىرى ئىلملىرىنى ئۆگىنەتتى. بىرمۇنچە مەشھۇر ئالىملارمۇ ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن باغدادقا كەلگەنىدى. مەسىلەن، پەيلاسوپ ئەل كىندى، ئەدىب ئەل جائىز، تارىخچى ۋە جۇغراپىيەشۇناس مەسئۇدى، ماتېماتىك خارازەمى قاتارلىق ئالىملار بەيتۇل ھېكمەتتە ئالىي بىلىملەردىن دەرس بەرگەنىدى.

بەيتۇل ھېكمەت تەربىيىلەپ چىققان شاگىرتلاردىن نۇرغۇنلىغان يۇقىرى بىلىملىك ۋە كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارلىق ئالىم ۋە تەرجىمىشۇناسلار مەيدانغا كېلىپ، خەلىپىلىكنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرگەن ۋە شۆھرىتىنى ئاشۇرغان. ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئىلىممۇ تەرجىمە ھەرىكىتى ئارقىلىق چەت ئەللەرنىڭ تۈرلۈك ئىدېئولوگىيىلىك ماتېرىياللىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ئېتىقادى ئاساسىدا كۆپلەپ قوبۇل قىلىپ ئۆزىنى بېيىتقان.

ئالتىنچىدىن، دارىل ھېكمەت قەدىمكى شەرق ۋە غەرب ئىلىم ـ پەن مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر مىراسلىرىنى يىغىپ ساقلاپ، ئۆزلەشتۈرۈپ ۋە ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ ئارقىلىق ئەرەب ـ ئىسلام ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيىتىنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي تېپىشى ۋە گۈللىنىشىنى يۈكسەلدۈردى، مۇسۇلمانلاردىن ھەرساھە ئالىملىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ روناق تېپىشى، ھەرقايسى تەبئىي پەن ئىلملىرىنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى، دىنىي مەزھەپلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەلىماتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى قاتارلىق جەھەتلەردە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى.

دەرۋەقە، دارىل ھېكمەتنىڭ ئىلمى ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە كېيىنچە ئەرەب ۋە مۇسۇلمانلاردىن ھەرقايسى ئىلىم ساھەلىرى بويىچە نۇرغۇنلىغان ئالىملار، جۈملىدىن ئاسترونوم، ماتېماتىك، فىزىك، خىمىك، جۇغراپىيەشۇناس، تارىخشۇناس، داڭلىق تېۋىپ، تىلشۇناس، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر قاتارلىقلار مەيدانغا كەلدى، ئۇلار تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەردىن ئىلھام ئېلىپ، بۇ ئەسەرلەردىكى كۆزقاراشلارنى تېخىمۇ بېيىتتى ۋە شۇ ئاساستا يېڭى ـ يېڭى نەزەرىيە، كۆزقاراشلارنى ئىجتىھات قىلىپ ئىنسانىيەتكە يېڭى تۆھپىلەرنى قوشتى.

بۇ مەزگىلدە بەيتۇل ھېكمەت ھەقىقەتەن ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئاسسىمىلاتسىيە (قوبۇل قىلىش) ئىقتىدارىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈردى. يۇنان، پارس، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەر مەدەنىيىتىدىن قوبۇل قىلغۇدەكلا ئېلېمېنت بولسا، ئىسلام ئېتىقادىغا خىلاپ كەلمىسىلا ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈردى. ئىلىم ـ پەن ساھەلىرىدىنلا ئەمەس بەلكى تىل ـ ئەدەبىيات جەھەتتىمۇ بۇ ھالەت ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى. ھەتتا ئىسلام دىنىنىڭ ئادەم ۋە ھايۋانلار سۈرىتىنى سىزىشقا ئىجازەت بەرمەسلىك ئالاھىدىلىكى سەۋەبىدىن، گەرچە يۇنان ۋە رىملىقلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى گۈزەل سەنئىتىنى ئۆز پېتىچە قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل سەنئەت شەكلىدىن پايدىلىنىپ، خەتتاتلىق سەنئىتى، نەققاشلىق سەنئىتى، بېزەكچىلىك سەنئىتى، گۈل ـ گىياھ سىزمىچىلىقى سەنئىتى ھەم گېئومېترىيە ۋە گېئومېترىيىلىك سەنئەت قاتارلىقلارنى تەرەققىي قىلدۇردى.

1065 ـ 1067 ـ يىللىرى سالجۇقلار سۇلالىسىنىڭ باش ۋەزىرى نىزامۇلمۇلك باغدادتا نىزامىيە مەدرىسە(ئۇنىۋېرسىتېت)نى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، بەيتۇل ھېكمەت شۇ مەكتەپكە قوشۇۋېتىلىپ يەنىلا ئىسلام ئىلىم ـ پەن مەركىزى بولۇپ كەلگەن.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:
1. «جۇڭگو ئىسلام قامۇسى»(خەنزۇچە)، سىچۇەن لۇغەت نەشرىياتى، 1994 ـ يىل نەشرى.
2. ئابدۇراھمان ناجۇڭ: «ئەرەب ئومۇمىي تارىخى» (خەنزۇچە)، سودا نەشرىياتى، 1999 ـ يىل نەشرى.
3. ئابدۇراھمان ناجۇڭ: «ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى.
4. جىن يىجۇ: «ئىسلام دىنى لۇغىتى»(خەنزۇچە)، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى 1997 ـ يىل نەشرى.
5. ئابدۇراھمان ناجۇڭ: ئەھمەد ئەمىننىڭ«ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتى تارىخى»(خەنزۇچە) 2 ـ قىسىم 1 ـ كىتابقا مۇقەددىمە، سودا نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى.
6. بېرناد لېۋىس: «تارىختىكى ئەرەبلەر»(ئۇيغۇرچە)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىل نەشرى.

# ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

مۇھەممەتجان قۇتلۇق

مەشھۇر ئۆلىما ۋە ئەدىب ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قەشقەر شەھىرىنىڭ ھەزرەت تەۋەسىدە تۇغۇلغان. ئائىلە تەزكىرىلىرىدىن قارىغاندا، خوجىلار ئەۋلادى بولغان مەشھۇر بىبى مەريەم خېنىمنىڭ يالغۇز ئوغلى ئەمىر ھۈسەيىن شەيخ ئاخۇن، ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇد خوۋاجەم، ئۇنىڭ ئوغلى سەبۇرى خوۋاجەم شاھ بولۇپ، قەشقەر دائىرىسىدىكى داڭلىق ئۆلىما، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق يازغۇچى ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرى دېگەن كىشى شۇ.

ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرى ئوقۇش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۆز يۇرتى ھەزرەت تەۋەسىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە، كېيىن بولسا قەشقەر شەھىرىدىكى مەشھۇر بىلىم مەركەزلىرىدىن بولغان خانلىق مەدرىسەدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنىش ۋە ئىجتىھات قىلىش بىلەن قەشقەر دىيارىدا نامى بار ئۆلىما ۋە تونۇلغان ئەدىبلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئۇ ئۆز ئىلمى ۋە تەسىر دائىرىسىگە ئاساسەن قەشقەر مەھكىمە شەرئى تەرىپىدىن قەشقەر ”خانلىق مەدرىسە“گە مۇدەررىس، چاپان بازىرىدىكى ”جامىئە قەدىمىي“گە ئۇززۇن يىل خاتىپ بولغان. بۇ جەرياندا ناھايىتى نۇرغۇن تالىپلارنى يېتىشتۇرگەن.

ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرى ناھايىتى راۋان، پاساھەتلىك سۆز بىلەن تەبلىغ ـ ئەھكام قىلىدىغان مەشھۇر ناتىق بولۇپ، ئادەتتە ئۇ تېز ئىنكاس قايتۇرىدىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ تەبلىغ ـ ئەھكام، ۋەز ـ خۇتبىلىرى، ئەل ئىچىگە تارقىلىپ كىشىلەرنىڭ قىزغىن سۆھبەت تېمىسىغا ئايلانغان. ئۇنىڭ ئىلمىي قابىلىيىتى ۋە ئەخلاقىي پەزىلىتىگە ئاساسەن ئۇنىڭغا قايىل بولغان قەشقەر ھۆكۈمرانى زوھۇرىددىن ھاكىم بەگ ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى قىزغىن ئىلھاملاندۇرۇپ مەشھۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىگە ئوخشاش ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشقا دەۋەت قىلىپ ”نەسرى ئىبادەت تەرزى بىلەن خاس ئاۋامنىڭ ئاممىباب تىلىدا راۋان بىر ئەسەر مەيدانغا كەلتۈرۈلسە، خەلقنىڭ چۈشىنىشىگە ئېغىر كەلمەي پايدىلانسا...“ دەپ مەسلىھەت بەرگەن. مەشھۇر ئۆلىما ۋە ئالىم ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرى ئۆزىنىڭ مۇستەھكەم ئىسلامىي ئېتىقادى ۋە بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشى ئارقىلىق ئېرىشكەن مول بىلىمى، ھەمدە يۇقىرى قەلەم قۇۋۋىتىگە ئاساسەن زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىپ، ئەل ـ ئاۋامغا ئىسلامىي تەرزدە تەبلىغ ـ ئەھكام، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن ”ماقالات“(ماقالىلەر) ناملىق چوڭ ھەجىملىك نەسرىي ئەسەرنى يېزىپ چىققان.

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفنىڭ روھى بويىچە ئىسلامىي ئەقىدە، ئىسلامىي ئەخلاق، ئىسلامىي كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى مەركەز قىلغان بۇ ئەسەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇلاھىزە، ھېكايەت، مەسەل، لىرىكا، نەزمە(رۇبائىي، قىتئە، پارچە) قاتارلىقلارنىڭ زىچ ماسلاشتۇرۇلۇشى بىلەن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن بىر خىل ئىجادىي ئۇسلۇبتىكى ئەسەر بولۇپ، 20 بابلىق، ساپ قەشقەر تىلىنى ئاساس قىلغان.

”ماقالات“دا مۇئەللىپ تەۋھىد ئەقىدىسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان ھالدا روھىي دۇنيانىڭ پاكلىقىنى تەكىتلەپ، شەخسىي نەپسى خاھىشى بىلەن كۈرەش قىلىپ، ساپ، ئالىيجاناب، سادىق مۆمىن، مۇۋاپىق مۇسۇلمان بولۇشنى كۈچلۈك چاقىرىق قىلغان. نەسرىي ۋە نەزمىي شەكىل زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ يۇقىرى ماھارەت بىلەن يېزىلغان بۇ ئەسەر ئەينى دەۋردىكى ئىسلامىي تەبلىغ ـ ئەھكام، ئىسلامىي ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئىنسان تەبىئەتلىرىنى توغرا يولغا سېلىش، ھىدايەت، تەقۋادارلىققا يېتەكلىگۈچى مۇھىم تەربىيەت كىتابى بولۇپ قالغان.

ئەسەرنىڭ قىممەت ئېتىبارى، ئالىمنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ زوھورىددىن ھاكىمبەگ ئۇنىڭغا قەشقەر شەھىرىنىڭ تۈمەن

دەرياسى بويىدىكى باغى ئېرەم، يەنى ھەرەم باغ (ھازىرقى كونا شەھەر يېڭى ئۆستەڭ يېزىسىدىكى بىر كەنت)دىن يەر ـ زېمىن، مۇناسىپ دەرىجىدە سۇ ھەل قىلىپ بەرگەن.

ئۆلىما، ئالىم ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرىنىڭ ئىجادىي ھالدا يازغان قىممەتلىك غەزەل ۋە نەزمىلىرى «دىۋانى سەبۇرى»دېگەن نامدا ئالاھىدە توپلام قىلىنىپ، ئەل ئىچىگە تارقالغان بولۇپ، ئەل ئارىسىدىكى خەلق سەنئەتكارى، ۋائىز ـ مەدداھلار، ئاشىقلار، ئەلنەغمىچىلەر تەرىپىدىن ئاھاڭلارغا سېلىنىپ ۋە «12مۇقام» تېكىستلىرى سۈپىتىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

مەشھۇر ئۆلىما ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدىكى مەشھۇر ئۆلىما، ئالىملار، ھەرخىل پەزىلەت ئىگىلىرىنى خاتىرىلەش ۋە ھۆرمەتلىرىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن «بەھرۇلئەنساپ»(نەسەبلەر دېڭىزى) ناملىق كىتابنى يېزىشقا باشلىغان، ئەمما بۇ يىرىك ئەسەرنى يېزىپ تاماملاشقا ئۆمرى يار بەرمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، سادىق مۇخلىسى ۋە شاگىرتى سوپى ئاللايار ئۇستاز ھەزرەتنىڭ «بەھرۇلئەنساپ» ناملىق كىتابىنىڭ ئاخىرىنى(ئاز بىر قىسمىنى) يېزىپ تاماملىغان. ھەمدە ئاخىرىغا:"دۇئا قىلغۇچى شەيخ مۇھەممەد سايىم سوپى ئاللا يار" دېگەن پارسچە ـ ئۇيغۇرچە ئىسمىنى يېزىپ، ئۆز مۆھۈرىنى باسقان. ئالىم يەنە 1840 ـ يىلى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «نەۋائىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرنىمۇ يازغان.

مەشھۇر ئالىم ۋە ئۆلىما ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرى ئاددىي ـ ساددا، كەمتەر ۋە ئەمگەكچان كىشى بولۇپ، بوش ـ بىكار ۋاقىتلىرىدا داۋاملىق ئۆز يېرىدە ئەمگەك قىلىپ، ھالال تۇرمۇش كەچۈرگەن.

گەرچە ئۇنىڭ ئىلمى يۇقىرى، ماھارىتى ئۈستۈن بولۇپ، ئەل ئىچىدىكى ئابرۇيى چوڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنى خىلۋەتتە تۇتۇپ، جامائەت ئارىسىدىكى ساختا شۆھرەت، ساختا ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمىگەن.

مەشھۇر ئۆلىما، قابىل ئۇستاز ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ۋاپات بولغان.

(ئاپتور: قەشقەر شەھىرىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

**مۇھەممەد ئىمىن قارى ھاجى ۋاپات بولدى**

ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر دىنى زات، داڭلىق ئۆلىما، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خاتىپى مۇھەممەد ئىمىن قارى ھاجى 2007-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 67يېشىدا ئۇرۇمچىدە ۋاپات بولدى. 7-ئاينىڭ 2-كۈنى(دۈشەنبە)قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىدە بىر نەچچە مىڭ مۇسۇلمان ئاممىسى مەرھۇمنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتناشتى.

مۇھەممەد ئىمىن قارى ھاجى قەشقەر شەھىرىدىن بولۇپ، 1940-يىلى تۇغۇلغان، بالىلىق مەزگىللىرىدە ئائىلىسىدە دىنى ئىلىم تەھسىل قىلغان، ياشلىق مەزگىللىرىدە قەشقەر خانىلىق مەدرىستە ئوقۇپ يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغان، 1953-يىلىدىن باشلاپ قەشقەر شەھىرىدە دىنى ۋەزىپە ئۆتىگەن. مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. مۇھەممەد ئىمىن قارى ھاجى ئەخلاق-پەزىلەت ۋە ئىلىم جەھەتلەردە يېتىشكەن زات ئىدى. مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە تولۇق قاتنىشىپ، ھۆكۈمەتكە ھەمكارلىشىپ پارتىيىنىڭ دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى نورمال دىنى پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا، توغرا كەسىپ بىلەن باي بولۇشقا يېتەكلەپ كەڭ ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن.

مەرھۇم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى(دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى قەشقەرگە كېلىپ مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئۆزنتىشقا قاتناشتى ھەمدە مەرھۇمنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇللىرى مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ يوقلىدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى
قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى




ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مەۋلانە جالالىدىن كىتكى ۋە ئايكۆلدىكى مەۋلانە مازىرى

ئەسقەر ئابباس، ئەنۋەر ئابباس

تارىخىي مەلۇماتلارغا ۋە ئالاقىدار شەجەرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مەۋلانە جالالىدىن كىتكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى داڭلىق ئۆلىما خوجا ئەبۇ هاپىز كەبىر بۇخارىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بولۇپ، چىڭگىزخان هۇجۇم قىلىپ بۇخارانى ئالغان چاغدا، خوجا ئەبۇ هاپىز كەبىر بۇخارىنى شېھىت قىلىپ، بالا ـ چاقا، ئۇرۇق ـ تۇغقان ئەۋلادلىرىنى كىتكى شەھىرىگە پالىغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەتتە ياكى سەككىز ئەۋلاد ئۆتۈپ، مەۋلانە جالالىدىننىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە، كىتكى شەھىرى قۇم بالاسىنىڭ ئاستىدا قېلىپ خارابلاشقاندىن كېيىن، مەۋلانە جالالىدىن بىر نەچچە مۇرىت ۋە مۇخلىسلىرىنى باشلاپ ئاقسۇ ئايكۆلگە كېلىپ يەرلەشكەن، ھەمدە ناھايىتى تېزلا شۇ ۋاقىتتا ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان شەرقىي چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغان. بۇ چاغ تۇغلۇق تۆمۈرخان ئاقسۇدا يېڭىلا خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان ۋاقىت ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈر چاغاتاي نەسەبىدىكى خانلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، بالا ۋاقتىدا ئانىسى بىلەن چوڭ ئەمىر دوختۇي شىراۋۇل جەمەتى ئارىسىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن. چاغاتاي خانلىقى بۆلۈنگەندىن كېيىن، شەرقىي قىسمىدىكى خانلىق ئورنى بوش قالغان. ئاقسۇغا ئورۇنلاشقان، كۇچارنىڭ غەربىدە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى كەڭ زېمىننى سوراۋاتقان دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى بۇلاجى تۇغلۇق تۆمۈرنى ئىزدەشكە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى تاپقۇزۇپ ئاقسۇغا ئەكەلدۈرگەن①. ئەمىر بۇلاجى"خانلىق تەختىنىڭ بوش تۇرغانلىقى"، "خان ئەۋلادلىرىنىڭ يۈلەنچۈكسىز قالغانلىقى"نى كۆرۈپ، "خاندىن بىرنى تىكلەپ، ئەل تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى"، بىر مەزگىل ئىزدەپ "ئاخىر ئوڭۇشلۇق ھالدا تۇغلۇق تۆمۈرنى تاپتى"②. ئەمىر بۇلاجى ھىجرىيە 748 ـ يىلى(مىلادىيە 1348 ـ يىلى) 18 يېشىدا خانزادە تۇغلۇق تۆمۈرنى ئىلى رايونىدىن مۇزئارت داۋىنى



ئارقىلىق ئاقسۇغا ئېلىپ كەلدى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرنى دۆۋانىڭ نەۋرىسى دەپ ئېلان قىلىپ، ھەممە خەلقنى ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ خانى دەپ ئېتىراپ قىلىشقا كۆندۈردى③. تۇغلۇق تۆمۈر خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، خانلىق ئاساسىنى مۇستەھكەملەش، خانلىقنىڭ كۆپ قىسىم ئاھالىسى بولغان مۇسۇلمانلارنى ئۆزىگە قايىل قىلىش مەقسىتىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش قارارىغا كەلگەن.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، تۇغلۇق تۆمۈرخان بىر قېتىملىق شىكاردا ئۇ ۋ سەپىرىدە مەۋلانە

جالالىدىن بىلەن كۆرۈشۈپ، بىر قانچە قېتىملىق مۇنازىرىدىن كېيىن ئىسلام دىنىغا قايىل بولغان ھەمدە چوڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن مۇسۇلمان بولۇشقا ۋەدە بەرگەن. ئەمما تۇغلۇق تۆمۈرخان خانلىق تېررىتورىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پايتەختىنى ئالمالىق(ھازىرقى قورغاس ناھىيىسىدە)قا كۆچۈرگىچە مەۋلانە جالالىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا، ئوغلى مەۋلانە ئەرشىدىنگە "مەن بىر چىراغقا پىلىك سېلىپ، ياغ قۇيۇپ تەييار قىلغانىدىم. ئەمما ياندۇرۇش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالمىدىم، مېنىڭدىن كېيىن سەن ياندۇرساڭ، بۇ چىراغ پۈتۈن شەرقنى يورۇتسا ئەجەب ئەمەس" دەپ ۋەسىيەت قىلغان. ھىجرىيىنىڭ 756-يىلى(مىلادىيە 1355—1356-يىللار) مەۋلانە ئەرشىدىن ئاتا ۋەسىيىتىنى ئاڭلاش ئۈچۈن، ئالمالىققا بېرىپ 24 ياشلىق تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن④. شەرقىي چاغاتاي خانلىقى تېررىتورىيىسىدە ياشاۋاتقان موڭغۇللار ئۇنىڭ قاتتىق تىزگىنلىشى ئاستىدا، پۈتۈنلەي ئىسلام دىنىغا كىردى⑤ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى⑥. تۇغلۇق تۆمۈرخان ھازىرقى كۇچار، ئاقسۇ دائىرىسىنى مەۋلانە جالالىدىن ئەۋلادلىرىغا ۋەخپە قىلىپ بېرىپ، خانلىقتىكى ھەرخىل ئالاھىدە ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن قىلغان. مەۋلانە جالالىدىن كىتكەندىن باشلاپ تاكى 1864-يىلى پارتلىغان كۇچار دېھقانلار قوزغىلىڭى رەھبىرى راشىدىن خوجا 1866-يىلى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغۇچە بولغان 500 يىل جەريانىدا، مەۋلانە جالالىدىننىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى تارىم ۋادىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ئىدىئولوگىيە ساھەسىدە مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن.

مەۋلانە جالالىدىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئايكۆلگە دەپنە قىلىنغان، ھەمدە مازار، مەسچىتلەر سېلىنىپ تەدرىجىي ئاۋاتلاشقان. ئەرشىدىننىڭ چوڭ ئوغلى ئەبۇ پاتىخ(ئەبۇ پەتتاھ) ئاقسۇغا كۆچۈپ بېرىپ، نەچچە يۈز ھاشارچىنى ئىشقا سېلىپ قەلئە سوقتۇرغان، ئىلىدىكى 400 ئۆيلۈك ئاقسۇلۇقنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئايكۆلگە ماكانلاشتۇرغان ۋە ئۇلارنى تۈرلۈك ئالۋان-ياساقتىن خالاس قىلىپ، شەيخ جالالىدىننىڭ مازىرىغا قارايدىغان ۋە مازار ۋەخپىلىرىدە ئىشلەيدىغان قىلىپ قويغان. نەتىجىدە ئايكۆلدىكى بۇ مازار ئاقسۇ، ئۈچ، كەلپىن، ئاۋات، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يىراق جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تاۋاپگاھىغا ئايلانغان.

بۇ مازار نۆۋەتتە ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىسى بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 10 مودىن ئاشىدۇ، قويۇق توغراقلىق بىلەن قورشالغان. مازارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى مەسچىت، مەۋلانە جالالىدىن مەقبەرىسى ۋە ئۇنىڭغا يانداش ياسالغان بىرقانچە گۈمبەزسىمان قەبرىلەردىن تەركىب تاپقان. يەرلىك كىشىلەر بۇ مازارنى "مەۋلانەم" دەپ ئاتاپ، ئىنتايىن ئۇلۇغلايدۇ. دەۋر بۆلگۈچ تارىخنىڭ سىمۋولى بولغان بۇ مازار نەچچە ئەسىرلىك ئىسسىق-سوغۇقنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا شىنجاڭ ۋە ئىچكىرى رايونلاردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ تاۋاپگاھى بولۇپ كەلمەكتە.

ئىزاھاتلار:

1. «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»(ئۇيغۇرچە)، 170-بەت.
2. «تارىخى رەشىدى»(خەنزۇچە تەرجىمىسى)، 1-قىسىم، 154-، 155-، 158-بەتلەر.
3. ۋ. ۋ. بارتولد «يەتتە سۇ تارىخى ئوچېركلىرى»(ئۇيغۇرچە) 124-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل 1-نەشرى.
4. موللا مىرسالىھ كاشقەرى: «چىڭگىزخان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985-يىل 1-نەشرى، 68—72-بەتلەر؛ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمنىيە»(ئۇيغۇرچە)، 55—57-بەتلەر
5. شۇ چاغدا يەتمىش مىڭدىن ئارتۇق موڭغۇل مۇسۇلمان بولغان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. «تارىخي ئەمنىيە» 57-بەت؛ شۇنىڭ بىلەن موڭغۇللاردىن 160مىڭ كىشى ئۇزۇن چاچلىرىنى كېسىپ، ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان. «تارىخى رەشىدى»، 1-قىسىم، 165-بەت؛ «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»(ئۇيغۇرچە)، 174-بەت.
6. لى تەيىۋي: «شىنجاڭدا بۇددا دىنىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋج ئېلىشىدىكى تارىخى سەۋەبلەر»(ئۇيغۇرچە)، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى، 2-قىسىم، 1982-يىل 11-ئاي.

## خەلقئارالىق بېرىش - كېلىشلەر

### مەككە مۇكەررەمە ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى، مەشھۇر قارى شەيخ ئابدۇرراھمان ئىبنى ئابدۇل ئەزىز سۇدەيسى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە زىيارەتتە بولدى

ئۆز خەۋىرىمىز: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، سەئۇدى ئەرەبىستانى مەككە مۇكەررەمە ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى، مەشھۇر قارى شەيخ ئابدۇرراھمان ئىبنى ئابدۇل ئەزىز سۇدەيسى 2007-يىلى 6-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن باشلاپ مەملىكىتىمىزدە ئۈچ كۈنلۈك دوستانە زىيارەتتە بولدى.

شەيخ سۇدەيسى سەئۇدى ئەرەبىستانى مەككە مۇكەررەمەدىكى ھەرەم مەسچىتىنىڭ چوڭ ئىمامى، بۈيۈك ئۆلىما، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا تونۇلغان مەشھۇر قارى، ئۇ زات ھەر كۈنى مەككە ھەرەم مەسچىتىدە نەچچە مىڭلىغان مۇسۇلمان جامائەسىگە ئىماملىق قىلىدۇ، بولۇپمۇ ھەج ۋە رامىزان ئايلىرى مەزگىلىدە ھەرەم مەسچىتىدە ئۇ زاتقا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئۆتەيدىغان جامائەتنىڭ سانى مىليوندىن ئاشىدۇ، ئۇ زاتنىڭ يېقىملىق قىرائەت ئاۋازى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. شەيخ سۇدەيسى 1960-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پايتەختى رىيازدا بىر دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئۇ زات كىچىكىدىن تارتىپ دادىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇرئان كەرىمنى يادقا ئېلىشقا باشلىغان، ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە زور تىرىشچانلىقى ئاستىدا ئون ئىككى يېشىدا پۈتۈن قۇرئاننى يادقا ئېلىپ ئوقۇيالايدىغان ھافىز بولغان، 1979-يىلى رىيازدىكى ماتارىپ ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، رىيازدىكى ئىسلام شەرىئىتى ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇغان. ئۇ زات ئىسلام مەدەنىيىتى ساھەسىدە زور تۆھپىلەرنى قوشقانلىقى ئۈچۈن، 2004-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانى ئۇممۇل قۇرا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەڭگۈلۈك دوكتورلۇق شەرەپ ئۇنۋانىغا مۇشەررەپ بولغان ھەمدە بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىسلام شەرىئىتى ۋە ئىسلام تەربىيىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان، شۇنداقلا بىرمۇنچىلىغان نوپۇزلۇق خەلقئارالىق ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ۋە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

شەيخ سۇدەيسى 6-ئاينىڭ 8-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە زىيارەتتە بولدى، جەمئىيىتىمىزنىڭ رەئىسى ئىمام ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن، مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن مۇھەممەد ئەلى يۇ جېنگۈي، سىددىق ما جۇڭجې، ئىبراھىم خۇاڭ چاڭيۇ، مۇستاپا ياڭ جىبو ۋە ئادىل ھاجى كېرەم قاتارلىقلار ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى ۋە دوستانە سۆھبەتتە بولدى، ئاندىن بىرلىكتە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مەسچىتىدە جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىرگە جۈمە نامىزىغا داخىل بولۇپ، جۈمەلىك ۋەز-خۇتبىسى سۆزلىدى، ئۇ مۇسۇلمان جامائەسىنىڭ ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلىدىغان تىنچلىق ۋە تەرەققىياتقا ئىنتىلىش روھىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق ۋە تەرەققىياتقا يۈزلىنىشتەك ئېسىل ئەنئەنىلىرىدە چىڭ تۇرۇپ، تەقۋادار بولۇپ، ئەقىل-پاراسەتنى ئىشلىتىپ باشقىلار بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە سۆزلىشىپ ئاللاھنىڭ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبانلىقلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشنى تەكىتلىدى، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتلىك بولۇشىغا دۇئا قىلدى، ئاندىن جامائەتكە ئىمام بولۇپ جۈمە نامىزىنى ئوقۇدى.

شەيخ ئابدۇرراھمان ئىبنى ئابدۇل ئەزىز سۇدەيسىنىڭ جۇڭگوغا بولغان بۇ قېتىمقى دوستانە زىيارىتى جۇڭگو-سەئۇدى ئەرەبىستانى ئىككى دۆلەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ دوستانە باردى-كەلدى مۇناسىۋىتىگە ئاكتىپ ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكۈسى. (ئا)

### جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئادىل ھاجى كېرەم نەنجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا-ياۋروپا يىغىنى 3-نۆۋەتلىك دىنلار ئارا مەدەنىي مۇلاقات يىغىنىغا قاتناشتى

ئۆز خەۋىرىمىز: ئاسىيا-ياۋروپا يىغىنىنىڭ 3-نۆۋەتلىك دىنلار ئارا مەدەنىي مۇلاقات يىغىنى 2007-يىلى 6-ئاينىڭ 19-كۈنىدىن 21-كۈنىگىچە مەملىكىتىمىزنىڭ نەنجىڭ شەھىرىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى يىغىننى جۇڭگو بىلەن ئىتالىيە بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن بولۇپ، يىغىنغا ئاسىيا-ياۋروپا ئەللىرىدىن 37 دۆلەتتىن كەلگەن ئىككى يۈزگە يېقىن ۋەكىل ئىشتىراك قىلدى. يىغىنغا قاتناشقانلار "ئوخشاش بولمىغان ئېتىقادتىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىي مۇلاقاتنى كۈچەيتىپ، تىنچلىق، تەرەققىيات ۋە ئىناقلىقنى رويابقا چىقىرىش" دېگەن باش تېمىنى چۆرىدەپ مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. ئاخىرىدا 4-نۆۋەتلىك دىنلار ئارا مەدەنىي مۇلاقات يىغىنىنىڭ 2008-يىلى 6-ئايدا گوللاندىيەدە ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى ئېلان قىلىندى.

6-ئاينىڭ 19-كۈنى يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن-سىياسىتى جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە كاپالەت قىلىدىغانلىقىنى، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى پۇقرالارنىڭ ئاساسلىق ھوقۇقى ئىكەنلىكى جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ئېنىق مۇئەييەنلەشكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئىسمائىل ئەھمەد تەكىتلەپ يەنە مۇنداق دېدى: جۇڭگودىكى ھەرقايسى دىنلار ياخشىلىققا ئۈندەپ خەيرى-ساخاۋەت قىلىش، قىيىنچىلىقتا قالغانلارنى يۆلەش، خەلقنى سۆيۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىناق جەمئىيەت ۋە ئىناق دۇنيا بەرپا قىلىش ئىشلىرىغا ئاكتىپچانلىقىنى كۆرسەتتى. جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئادىل ھاجى كېرەم گۇرۇپپا يىغىنىدا "دىنلار ئارا ئۆزئارا ھۆرمەتنى كۈچەيتىپ، ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرەيلى" دېگەن تېمىدا سۆز قىلىپ، جۇڭگودىكى ھەرقايسى دىنلارنىڭ تىنچ بىللە ياشايدىغان، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشىدىغان تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى، يىغىن جەريانىدا ھەرقايسى دۆلەتتىن كەلگەن ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشۈپ قىزغىن دوستانە سۆھبەتتە بولدى.

www.uyghurkitap.com

6-ئاينىڭ 21-كۈنى يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شياۋۋېن يېپىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلدى. ئاسىيا-ياۋروپا دىنلار ئارا مەدەنىي مۇلاقات يىغىنى دىنلار ئارا ۋە مەدەنىيەت ئارا بولغان چۈشەنچە ۋە ھۆرمەتنى ئاشۇرۇشقا ياخشى مۇھىت يارىتىپ بەردى. ئۇ ھەرقايسى تەرەپنىڭ ئورتاق تونۇشى ۋە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ساھەسىگە ئايلىنىپ، ھازىرقى خەلقئارا ۋەزىيەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يىغىنغا ئىشتىراك قىلغان نۇرغۇن ۋەكىللەر مەدەنىي مۇلاقات ئېلىپ بېرىشنى ئۇزاق مۇددەتلىك مېخانىزم قىلىپ داۋاملاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى. (ئا)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

### شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ 10 يىللىقىغا مۇبارەك

—— جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۆمىكىنىڭ شياڭگاڭنى زىيارەت قىلىش خاتىرىسى

**ئۇز خەۋىرىمىز:** شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، شياڭگاڭ جۇڭخۇا ئىسلام دىنى مېھىر-شەپقەت ئۇيۇشمىسى، شياڭگاڭ ئىسلام بىرلەشمىسى، شياڭگاڭ جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى، شياڭگاڭ مۇسۇلمان ئاياللار جەمئىيىتى، شياڭگاڭ مۇسۇلمان ياشلار جەمئىيىتىدىن ئىبارەت بەش ئىسلام دىنى تەشكىلاتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن ئۆمەك باشلىقى، مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد ئەلى يۇ جېنگۈي مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپ ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ، مەسلىھەتچى شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار ئۆمەك ئەزاسى بولغان 11 كىشىلىك زىيارەت ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرۇپ شياڭگاڭغا بېرىپ، 2007-يىل 6-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 5-كۈنىگىچە "شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى"گە قاتناشتى.

شياڭگاڭدىكى بەش ئىسلام دىنى تەشكىلاتى بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى ياخشى ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن بىرلەشمە ھەيئەت رىياسەتتى تەسىس قىلغان ھەمدە دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىمۇ بۇ پائالىيەتكە تەكلىپ قىلغان. شۇڭا، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ، ئىسلام مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى گو چېڭجېن قاتارلىقلارمۇ مەخسۇس ۋەكىللەر ئۆمىكى بولۇپ شياڭگاڭغا بېرىپ بۇ تەبرىكلەش پائالىيىتىگە ئىشتىراك قىلدى.

شياڭگاڭدىكى بەش ئىسلام دىنى تەشكىلاتى 6-ئاينىڭ3-كۈنى ئۆتكۈزگەن "شياڭگاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمى"غا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زىيارەت ئۆمىكى ئەزالىرىدىن سىرت، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەزالىرى، شۇنداقلا شياڭگاڭ ئالاھىدە رايونى ھۆكۈمىتى خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خې جىپىڭ، مەركىزىي ھۆكۈمەت بىرلەشمە ئىشخانىسىدىن بۆلۈم مۇدىرى ۋاڭ يۈڭلى قاتارلىقلارمۇ تەكلىپكە بىنائەن ئىشتىراك قىلدى.

مۇراسىمنىڭ ئىجرائىيە رەئىسى، شياڭگاڭ جۇڭخۇا ئىسلام دىنى مېھىر-شەپقەت ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى تو جىشيەن ئەپەندى شياڭگاڭدىكى بەش ئىسلام تەشكىلاتىغا ۋاكالىتەن ئالدى بىلەن سۆز قىلىپ، شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن بۇيانقى 10 يىلدا، شياڭگاڭدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى، ئالاھىدە رايون ھۆكۈمىتىنىڭ ھەممە دىنلارغا تەڭ-باراۋەر مۇئامىلە قىلىشى نەتىجىسىدە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكى، شياڭگاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭمۇ زور دەرىجىدە يۈكسىلىش ھاسىل قىلغانلىقى، مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش پۇرسىتى ۋە شارائىتىغا ئىگە بولغانلىقى، شياڭگاڭنى ئەنگلىيە باشقۇرۇۋاتقان مەزگىلدە بۇنداق شارائىتنى تەسەۋۋۇر قىلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. ئۇ يەنە، 10 يىلدىن بېرى، شياڭگاڭ مۇسۇلمانلىرى بىلەن ئىچكىرىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ئالاقىسى ۋە بېرىش-كېلىشنىڭ مىسلىسىز تەرەققىي قىلىپ، ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ھېسسىياتنىڭ چوڭقۇرلاشقانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىش بىلەن، بۇنىڭدىن كېيىن بېرىش-كېلىشنى داۋاملىق كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلدى. ئاخىرىدا: ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، شياڭگاڭ ياخشى بولسا دۆلەت ياخشى بولىدۇ؛ دۆلەت ياخشى بولسا، شياڭگاڭ تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ 10 يىللىقىنى خۇشال تەبرىكلەۋاتقان كۈنلەردە، ئۆزئارا مەدەت بېغىشلاپ بىرلىكتە گۈزەل ئەتىنى يارىتىشقا تىرىشايلى، دېدى.

تەبرىكلەش مۇراسىمىدا، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىغا ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ، ئالدى بىلەن ئىدارە باشلىقى يې شاۋۋېنغا ۋاكالىتەن شياڭگاڭدىكى دىنىي تەشكىلاتلارنى ۋە بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورىدى.

ئۇ مۇنداق دېدى: كۆپ يىللاردىن بېرى شياڭگاڭدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار ۋەتەننى سۆيۈش، شياڭگاڭنى سۆيۈش، دىننى سۆيۈشتە چىڭ تۇرۇپ، "بىر دۆلەت، ئىككى خىل تۈزۈم" يۆنىلىشىنى ھىمايە قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، دىنىي ئىشلارنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، مائارىپ ئىشلىرى ۋە ئىجتىمائىي خەيرى-ئېھسان ھەم جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىنى كەڭ يولغا قويۇپ، ئىرىشىپ جەمئىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا ئوڭۇشلۇق قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن مۇھىم ۋە تارىخىي خاراكتېرلىق تۆھپىلەرنى قوشتى. شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن بۇيان، شياڭگاڭدىكى ئىسلام دىنى

ساھەسىدىكىلەر ۋە كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى مىسلىسىز ئاشتى، ئۇلار شىياڭگاڭنىڭ تۇرلۇك ئىجتىمائىي ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، شىياڭگاڭدىكى باشقا دىنلار بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، شىياڭگاڭنىڭ داۋاملىق روناق تېپىشى، مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشتى. شۇنى خۇشاللىق بىلەن كۆردۈقكى، شىياڭگاڭدىكى ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرى قەلبى ۋەتەنگە تەلپۈنگەن ھالدا، ئىچكىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلدى ۋە مەدەت بەردى. ئىچكىرىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن كۆپ خىل شەكىلدىكى ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقلارنى ئېلىپ باردى، ئىچكىرىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان دوستلۇقنى كۈنسايىن چوڭقۇرلاشتۇردى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئالماشتۇرۇش، بېرىش-كېلىش ۋە ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىشلارنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

تەبرىكلەش مۇراسىمىدا ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن سۆز قىلىپ، ئالدى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا ۋاكالىتەن شىياڭگاڭدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنى ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە ئۇلاردىن سەممىي ھال سورىدى. بىزنى قىزغىن تەكلىپ قىلغان ۋە كۈتۈۋالغان شىياڭگاڭدىكى بەش ئىسلام دىنى تەشكىلاتىدىكى ھەمساھەلەرگە قىزغىن سالام يوللىدى ۋە چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتتى.

رەئىس ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن شىياڭگاڭنىڭ 10يىلدىن بۇيانقى يۈكسەك تەرەققىياتىغا مەدھىيە ئوقۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ 10 يىل ئىچىدە جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭمۇ ساغلام تەرەققىي قىلىپ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى، شىياڭگاڭ بىلەن ئىچكىرىدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ بىر قاتار ئۆزئارا زىيارەت قىلىش ۋە ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى ئارقىلىق ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىچكىرى بىلەن شىياڭگاڭ رايوندىكى ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ھەمكارلىقنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ئاساس سېلىنغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن شىياڭگاڭدىكى دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ شىياڭگاڭنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتىگە تېخىمۇ ياخشى ئۇيغۇنلىشىپ، شىياڭگاڭنىڭ ۋە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ياخشى خوجايىنى بولۇشىنى، شىياڭگاڭدىكى دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئىچكىرىدىكى دىنىي ساھەدىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقە، ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى يەنە بىر قەدەم كۈچەيتىپ، بۇ ئىككى جايدىكى ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىنى، شىياڭگاڭلىقلار بىلەن بىرلىكتە، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ۋە ئۆز ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىياڭگاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى چىن قەلبىدىن ئۈمىد قىلدى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زىيارەت ئۆمىكى شىياڭگاڭدا زىيارەت قىلىش داۋامىدا يەنە شىياڭگاڭدىكى ئەيچۈنداۋ مەسچىتى، شېلىجى مەسچىتى، جيۇلۇڭ مەسچىتى ۋە چىجۇ مەسچىتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى؛ شىياڭگاڭدىكى ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرىغا باردى ۋە ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە دىنىي ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىپ، شىياڭگاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئاللاھقا تەقۋادارلىقى ۋە ئىسلام دىنىغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، شۇنداقلا يەنە زىيارەت ئۆمىكىدىكىلەر شىياڭگاڭدىكى بەزى مەشھۇر نۇقتىلارنى ساياھەت قىلىپ، "شەرق مەرۋايىتى" دەپ نام ئالغان شىياڭگاڭنىڭ چەكسىز سېھرىي كۈچىنى بىۋاسىتە ھېس قىلدى، شىياڭگاڭ جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىش ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.

6-ئاينىڭ 5-كۈنى زىيارەت ئۆمىكى شىياڭگاڭ بىلەن خوشلىشىپ شېنجېن شەھىرىگە كەلدى، شېنجېن شەھىرىدىكى كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىدە، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىقلار مەخسۇس شېنجېنغا كېلىپ شېنجېن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆمەك ئەزالىرىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. بۇنىڭدىن ئاۋۋال گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن شىياڭگاڭغا بېرىپ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زىيارەت ئۆمىكى بىلەن بىرلىكتە شىياڭگاڭدىكى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىگە قاتناشقانىدى. زىيارەت ئۆمىكىمىز شېنجېندا شېنجېن مەسچىتى ۋە مۇسۇلمانلار قەبرىستانىنى زىيارەت قىلدى، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى ئەزالىرى ۋە مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى، شەھەرلىك بىرلىكسەپ بۆلۈمى ۋە دىنىي ئىشلار ئىدارىسى زىيارەت ئۆمىكىمىز شەرىپىگە زىياپەت بېرىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى. 6-ئاينىڭ 7-كۈنى ئۆمەك ئەزالىرى ساق-سالامەت بېيجىڭغا قايتىپ كەلدى. (ش)

## غۇلجا ناھىيىسىنىڭ دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى ئىچكىرىدە زىيارەتتە بولدى

غۇلجا ناھىيىلىك بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ناھىيىلىك مىللەت-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى توختى ئەلى باشچىلىقىدىكى 22 كىشىلىك غۇلجا ناھىيە دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى 5-ئاينىڭ 29-كۈنىدىن 6-ئاينىڭ 10-كۈنىگىچە بېيجىڭ، شاڭخەي، جياڭسۇ، جېجياڭ قاتارلىق ئۆلكە-شەھەرلەردە ئېكسكۇرسىيىدە بولۇپ، مەملىكىتىمىزدە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى دۆلىتىمىزنىڭ ئىلگىرىلەۋاتقان تەرەققىياتى ۋە مۇقىم جەمئىيەت ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن ئېكسكۇرسىيە قىلىپ كەلدى. بولۇپمۇ 5-ئاينىڭ 29-كۈنى بېيجىڭدىكى ئېكسكۇرسىيە پائالىيىتىنى باشلاپ، 5-ئاينىڭ 30-كۈنىدىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەندە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بېيجىڭدا ئۇيۇشتۇرغان 7-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسىنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمىغا قاتنىشىشقا مۇشەررەپ بولۇپ چوڭقۇر تەسىر ئالدى. پايتەختتە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە يۇقىرى سەۋىيىلىك، داغدۇغىلىق بۇ قىرائەت مۇسابىقىسىنى كۆرۈش ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ياخشىلىقىنى، ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ ھەقىقى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغانلىقىنى چوڭقۇر

www.uyghurlarmap.com

ھېس قىلىشتى ۋە ھاياجانلاندى. بۇ ئۆمەك بېيجىڭدا يەنە تيەنئەنمېن مەيدانى، سەددىچىن سېپىلى قاتارلىق ئاسارە-ئەتىقە ئورۇنلىرىنى، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە لىيەنيۈنگاڭ، شاڭخەي، خاڭجۇ، سۇجۇ قاتارلىق جايلاردىكى تەرەققىيات، ئاسارە-ئەتىقە ۋە ئىسلام دىنى ئورۇنلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆز جايلىرىنىڭ تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋە ئىسلامىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشقا تېخىمۇ زور ئىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىپادىلەشتى. (ش)

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ كۆۋرۈكلۈك رولىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، 3-ئاينىڭ 29-كۈنى ۋىلايەتلىك 2-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 4-قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر(كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنى ئاچتى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا سەككىز ناھىيە بىر شەھەردىن كەلگەن ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى، بىر قىسىم ھەيئەت ئەزالىرى ۋە ھەرقايسى ناھىيە(شەھەر)لىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن رەئىسلىرى بولۇپ 42 نەپەر كىشى قاتناشتى.

7-ئاينىڭ 13-كۈنىدىن 15-كۈنىگىچە، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1-دىۋىزىيىسى بىرلىشىپ مۇددىتى ئۈچ كۈنلۈك بولغان دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. بۇ قېتىملىق تەربىيىلەشكە يېزا ئىگىلىك 1-دىۋىزىيىسىنىڭ ھەرقايسى تۇەن-مەيداندىن 37 نەپەر دىنىي زات، بەش نەپەر بىرلىكسەپ ۋە مىللەت-دىن ئىشلىرى خادىمى قاتناشتى.

باش شۇجى خۇ جىنتاۋ ئوتتۇرىغا قويغان "سەككىز شەرەپ، سەككىز نومۇس" قارىشىنى ئۆگىنىشنى ئىزچىللاشتۇرۇش، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتىكى ئاكتىپ ئامىللارنى قېزىپ چىقىپ، مۇسۇلمان ئاممىسىنى ۋەتەننى، دىننى سۆيۈشكە، قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىشقا يېتەكلەش ئۈچۈن، 7-ئاينىڭ 17-كۈنى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى "سەككىز شەرەپ، سەككىز نومۇس"نى ئاساسىي تېما قىلغان ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە ھەرقايسى ناھىيە (شەھەرلىك)ئىسلام جەمئىيىتى تاللاپ ئەۋەتكەن 90دىن ئارتۇق ماھىر قاتناشتى. (ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

2007-يىل 6-ئاينىڭ 13-كۈنى قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 3-قېتىملىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق خىزمەتلىرى خۇلاسە قىلىندى ھەمدە بۇندىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يىغىندا يەنە 46 نەپەر ئىزباسارنى يېڭىدىن دىنىي ۋەزىپىگە قويۇش مۇزاكىرە قىلىندى.
(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

**پىچان** ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 4-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 2007-يىل 4-ئاينىڭ 26-كۈنى پىچان ناھىيىسىدە ئېچىلدى. يىغىنغا 120دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى سەيپىدىن قادىر سۆز قىلدى. يىغىندا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 3-نۆۋەتلىك ھەيئەتتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ، يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن جەمئىيەت نىزامنامىسى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. سايلام ئارقىلىق 46 نەپەر ھەيئەت ئەزا، 15نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزا بارلىققا كەلدى. رەجەپ ھاجى ئاخۇن پەخرى رەئىسلىككە، ئابابەكرى ھاجى ئاخۇن رەئىسلىككە، تۇرسۇن ئىلياس، غوجامنىياز ھاجى ئاخۇن، نەسرۇللا مەخسۇم ھاجى، ساتتار قارى ھاجىلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى. يىغىندا "بەشتە ياخشى" 30 دىنىي پائالىيەت سورۇنى ۋە "بەشتە ياخشى" 35 نەپەر دىنىي زات مۇكاپاتلاندى. (شاھمەردان ھاجى ئىمىنىياز)

توقسۇن ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 4-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 2007-يىل 4-ئاينىڭ 30-كۈنى توقسۇن ناھىيىسىدە ئېچىلدى. يىغىنغا 110 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا سايلام ئارقىلىق 46 نەپەر ھەيئەت ئەزا، 13 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزا بارلىققا كەلدى. كېۋىر ھاجى داموللا رەئىسلىككە، ئابلىكىم ئەزىز، ئابدۇرېقىپ داموللا ھاجى، ئابدۇرۇھوپ داموللا مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى. يىغىن ئاخىرىدا خىزمىتى كۆرۈنەرلىك بولغان 15 نەپەر دىنىي زات مۇكاپاتلاندى. (شاھمەردان ھاجى ئىمىنىياز)

## ئىسلام مائارىپى

### جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ 2002 - يىللىق شىنجاڭ سىنىپى ئوقۇش پۈتتۈردى

2002-يىلى جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنغان شىنجاڭلىق ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان 27 نەپەر تالىپ بەش يىللىق ئوقۇشنى غەلىبىلىك تاماملاپ ئوقۇش پۈتتۈردى. بۇ تالىپلار بەش يىللىق ئوقۇش جەريانىدا دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشتىن سىرت سىياسىي-قانۇن دەرسلىرى ۋە مەدەنىيەت دەرسلىرىنىمۇ ئۆگىنىپ ھەم دىننى ھەم سىياسەتنى بىلىدىغان ئۇنىۋېرسال دىنىي خادىم بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. بۇ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈشتىن بۇرۇن، ئىنستىتۇتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۆز يۇرتلىرىدىكى مەسچىتلەردە پراكتىكا(دىنىي پائالىيەت ئەمەلىيىتى) قىلىپ كەلگەن ھەمدە نەنجىڭ، ياڭجۇ، خاڭجۇ، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردىكى مەشھۇر ئاسارە-ئەتىقە، مەدەنىيەت ئورۇنلىرى ۋە مەسچىت-مەدرىسە قاتارلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا ئېكسكۇرسىيە-ئۆگىنىش قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلغانىدى. ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ ۋە ئىسلام مەھكىمىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى بىلەن مەخسۇس سۆھبەتتە بولدى ۋە ئۇلارنىڭ زىياپىتىگە ئىشتىراك قىلدى. 6-ئاينىڭ 25-كۈنى جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مەكتەپ زالىدا 2002-يىللىق شىنجاڭ سىنىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن داموللا، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ئىسلام مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى گو چېڭجېن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى مۇھەممەد ئەلى يۇ جېنگۈي، ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ، ئادىل ھاجى كېرەم قاتارلىق جەمئىيەت ۋە ئىنستىتۇت رەھبەرلىرىدىن سىرت دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى سىياسىي-قانۇن مەھكىمىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك باشقارمىلار مەسئۇللىرى، ئىنستىتۇتنىڭ بارلىق

ئوقۇتقۇچى-مۇدەررىسلىرى ۋە تالىپلىرى بۇ قېتىمقى مۇراسىمغا ئىشتىراك قىلدى.

مۇراسىمدا جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى ئادىل ھاجى كېرەم بۇ قېتىمقى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنى ۋە ئوقۇش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن داموللا ۋە دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ئىسلام مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى گو چېڭجېن سۆز قىلىپ، تالىپلارنىڭ بەش يىللىق ئوقۇش نەتىجىسىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە ئۇلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاخىردا تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش شەرپىگە زىياپەت بەردى. (ئىلياس ئىسلامبەك)

**شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىدا 2002-يىللىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى**

2007-يىل 6-ئاينىڭ 28-كۈنى شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىدا 2002-يىللىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى(دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)نىڭ مۇدىرى ھاپىز نىياز، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن نازارەت دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى ئابدۇۋەلى تۇراق، شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ باش مەسئۇلى ئەزىز دۆلەت، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تەلئەت تۇرسۇن، ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى غوپۇر رېشىت، ما يەنلىن، ئابدۇرېقىپ داموللا ھاجى قاتارلىق رەھبەرلەر مۇراسىمغا قاتناشتى.

مۇراسىمدا ئابدۇرېقىپ داموللا بۇ يىلقى ئوقۇش پۈتتۈرگەن 50 نەپەر ئوقۇغۇچىغا دىپلوم بېرىش توغرىسىدىكى قارارى ئوقۇپ ئۆتتى. مۇراسىمدا ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى سۆز قىلىپ، ئۆزلىرىنى ئەۋزەل شارائىتتا ئېرىشتۈرگەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە، ئىنستىتۇت رەھبەرلىرىگە، بولۇپمۇ 5 يىل جەريانىدا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلارغا چىن كۆڭۈلدىن رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى ھەمدە بۇ يەردە ئۆگەنگەن دىنىي بىلىملەرنى توغرا تەشۋىق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يارامىلىق ياش بىر ئەۋلاد ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشتەك ئىرادىسىنى بىلدۈردى.

مۇراسىمدا يولداش ئەزىز دۆلەت ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنستىتۇتىمىزدىكى ئۆگىنىش، تۇرمۇش ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن بىرگە ئىنستىتۇتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئىشلىگەن خىزمەتلەر ۋە شانلىق نەتىجىلەرنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئىنستىتۇتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى(دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) ۋە مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي ئورۇنلارنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ۋە سەممىمىي ياردىمى، شۇنداقلا ئىنستىتۇتىمىزدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا تۈرلۈك خىزمەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئىنستىتۇت قۇرۇلغان 20 يىلدىن بۇيان جەمئىي 11 قارار، 550 نەپەر ئوقۇغۇچى تەربىيىلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە 9 قارار، 470 نەپەر ئوقۇغۇچى غەلىبىلىك ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەر ۋە يېزا قىشلاقلاردىكى مەسچىتلەردە ئىمام، خاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنى نورمال دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكلەپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىنى توغرا تەشۋىق قىلىپ، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشۇۋاتىدۇ. بۇ يىل 11 نەپەر ئوقۇغۇچى مىسىرنىڭ دۆلىتىمىزدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، دۇنياغا داڭلىق بولغان ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا مېڭىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

يولداش ئەزىز دۆلەت ئىنستىتۇت قۇرۇلغان قىسقىغىنا 20 يىللىق شانلىق نەتىجىلەرنى ئەسلەپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە بۇ يىلقى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا بىر قانچە تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىگە ئۇتۇق تىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مۇراسىم ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى(دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)نىڭ مۇدىرى ھاپىز نىياز 2002-يىللىق ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەبرىكلەش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىدا، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ مىللەت، دىن سىياسەتلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتەنپەرۋەر دىنىي خادىملىق سالاھىيىتىنى ئۇنتۇپ قالماي، توغرا بولغان ئىدىيە كۆزقاراشنى تىكلەپ، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

(شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى ئىشخانىسى)

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپى بۇ يىل 6-ئاينىڭ 18-كۈنى 13-قارارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمغا مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر، مۇدەررىس، تالىپلار ھەمدە بۇقېتىم ئوقۇش پۈتتۈرگەن 50 نەپەر تالىپ بولۇپ 160 كىشى ئىشتىراك قىلدى. مۇراسىمدا مەكتەپنىڭ ئۈچ يىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە باشقا جەھەتلەردىكى خىزمەتلىرى خۇلاسە قىلىندى ھەم ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. مۇراسىمدا ئۆتچە ياخشى ئوقۇغۇچىلار، ئىلغار سىنىپ مۇدىرلىرى ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلاندى.

2007-يىل 4-ئاينىڭ 9-كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسى 1-قارارلىق ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. كۇرسقا ناھىيە(شەھەر)لەردىن كەلگەن 200 نەپەر دىنىي زات قاتناشتى.

مەكىت ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان 2-قارارلىق دىنىي شاگىرتلارنى تەربىيىلەش كۇرسى 3-ئاينىڭ 15-كۈنى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمدا 20 نەپەر كۇرسانتقا شاھادەتنامە تارقىتىپ بەردى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

2007-يىل 6-ئاينىڭ 25-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، قاراماي شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى شەھەرلىك مېھمانخانىدا 2007-يىللىق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. بۇ قېتىمقى كۇرسنىڭ مەقسىتى شەھىرىمىزدىكى دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش ئارقىلىق، دىنىي زاتلارنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇننى چۈشىنىش ، سىياسىي ئىدىيە ئېڭىنى ئاشۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن شەھەرنىڭ دىنىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتا باشلامچىلىق رول ئويناپ، ئىناق-ئىتتىپاق قاراماي قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت.

قاراماي شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى مۇسۇلمانلارنىڭ دەپنە مۇلازىمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، خادىملارنىڭ مۇلازىمەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن 2007-يىل 6-ئاينىڭ 27-كۈنى مۇددىتى بىر كۈنلۈك بولغان تۇنجى نۆۋەتلىك مۇسۇلمانلارنىڭ دەپنە ئىشلىرى خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. بۇ قېتىمقى تەربىيىلەشكە ھەرقايسى رايون قارىمىقىدىكى دەپنە مۇلازىمەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مەزىن، بۈۋىلەر بولۇپ، جەمئىي 35 كۇرسانت قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى كۇرسقا شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە 80 دىن ئارتۇق ۋەتەنپەرۋەر مۇسۇلمان ئەر-ئايال دىنىي زات قاتناشتى. (قاراماي شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

ئاقسۇ شەھەر بەشتۇگمەن يېزىلىق بىرلىكسەپ ئىشخانىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دىنىي زاتلارنى پەن-تېخنىكا ئارقىلىق تەربىيىلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، ئۇلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىپ ئائىلە ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈشكە دەۋەت قىلىپ كەلدى. بۇ خىل ئەۋزەل تەرەققىيات شارائىتى ئاستىدا بەشتۇگمەن يېزىسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئارىسىدا مەھەممەت ھوشۇر، ئىدرىس مەمەت قاتارلىق بىر تۈركۈم پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىشتىكى باشلامچىلار بارلىققا كەلدى.

(ئارزىگۈل ھەسەن)

توقسۇ ناھىيىسىگە قاراشلىق يۇلتۇزباغ بازىرىدىكى دىنىي زاتلار بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ئۆز ئەتراپىدىكى نامرات دېھقانلار، ئەما، مېيىپلارغا جەمئىي 3000 يۈەن نەق پۇل ۋە بىر قىسىم ماددىي بۇيۇم ياردەم قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ مېيىپ، ئەما، نامراتلارغا بولغان مېھىر-شەپقىتىنى ئىپادىلىدى. (ئېزىز كېۋىر)

توقسۇن ناھىيىسىدىكى كەڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار توقسۇن ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ، توقسۇن ناھىيىسى بازار بۆلىكى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش«ئانا دەريا» غول ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنى يېقىندىن قوللاپ، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 5-ئاينىڭ 17-كۈنى بۇ قۇرۇلۇش مەيدانىدا ئىشلەۋاتقانلاردىن ھال سورىدى ۋە 32 ماشىنا تاش، 3120يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى. ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن كېۋىر ھاجى داموللا، ئابدۇرېشىت داموللا ھاجى، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىدىن ما يەنجۈن ئاخۇن، توختى ھاجى خەلپەت، ئابلىز ھاجى قاتارلىق دىنىي زاتلار ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، بىر ماشىنىدىن تاش سېتىۋېلىپ، قۇرۇلۇش قوماندانلىق ئورنىغا تاپشۇرۇپ، بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللىدى. (شاھىمەردان ھاجى نىياز)

مارالبېشى ناھىيە ئالاغىر يېزا 5-كەنت 5-مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق ئابدۇۋېلى مۆمىنىنىڭ 4 ياشلىق ئوغلى تۇغما پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، بېلىنىڭ تۆۋىنى پۈتۈنلەي پالەچ ھالەتتە ئىدى. يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىپ تەكشۈرۈتكەندە، دوختۇرلار بالىنىڭ داۋالىنىشىغا 15مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل كېتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئالاغىر يېزا بازار مەسچىتىنىڭ جامائىتى قادىر ئابلىزنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن 7-ئاينىڭ 20-كۈنى 570يۈەن ئىئانە يىغىپ، بىمارنىڭ داۋالىنىش ھەققىنى ھەل قىلىشىغا قىسمەن ياردەم بەردى.


(ئەنۋەر تۇردى)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

قاغىلىق ناھىيىسىدىكى «ئاياللار شادلىقى دوختۇرخانىسى»نىڭ قۇرغۇچىسى، ناھىيە بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئاياللار كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى تۇخان توختى ھاجى دوختۇرخانا قۇرۇلغان بەش يىلدىن بۇيان ھەرقايسى تىببىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ، ئىش كۈتۈپ تۇرغانلاردىن 30 دىن ئارتۇق كىشىنى ئۆزىنىڭ دوختۇرخانىسىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئۆز يېنىدىن 13 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىپ دوختۇرخانا ئەتراپىدىكى ئىككى مەھەللىنىڭ توك، ئىچىملىك سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى. بۇ جەرياندا يەنە بىمارلارنىڭ 65 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق داۋالىنىش، كېسەل كۆرستىش چىقىمىنى كۆتۈرۈۋەتتى. 23 مىڭ يۈەن قىممىتىدە دورا، ئوكۇل ۋە نەق پۇل ياردەم قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك پاراۋانلىق ئىشلىرى ۋە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغانلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىپ كەلدى. (سىدىق تۇردى، مەمتىمىن ھەسەن)

قاغىلىق ناھىيە جاڭگىلەسكى يېزىسىدىكى بىر قىسىم ئاما 5-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆز يېنىدىن 14 مىڭ 100 يۈەن پۇل چىقىرىپ، ئۈچ يىلدىن بېرى ئېغىر كېسەللىك تۈپەيلىدىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بۇ يېزىنىڭ شاخلىق 18-كەنتىدىكى دېھقان مەھەممەت قاسىمنىڭ داۋالىنىشىغا ياردەم قىلدى. ( سىدىق تۇردى)

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 4-شى 64-تۈەن مەيدانىنىڭ 14-لىيەنىدىكى ئۆمەرجان ھاشىم، بۇ يىل ئۆز يېنىدىن 10 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ لىيەندىكى 3 نامرات ئائىلىگە 100 مو كېۋەز، ئۇرۇقلۇق قوناق، شوخلا تېرىپ بەردى ۋە زىرائەت پەرۋىشى ئىشلىرىغا ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىپ، بۇ نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا خالىس ياردەم قىلدى. (تۇرغان ئۆمەر)




ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى مەركەزدىكى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقى بىلەن دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى قارمىقىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەرىپىدىن پايتەخت بېيجىڭدا نەشر قىلىنىپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان پەسىللىك، ئۇنىۋېرسال ئىسلام ژۇرنىلى. يۇقىرى - تۆۋەن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ژۇرنالنىڭ تارقىتىلىشىغا ئاكتىپ مەدەت بېرىشى، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ مەملىكىتىمىزدە نەشر قىلىنىۋاتقان بىردىنبىر ئىسلام ژۇرنىلىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ قىزغىن مۇشتەرى بولۇشى، تەھرىر بۆلۈمىدىكى خادىملارنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە ژۇرنالنىڭ سۈپىتى بارغانچە ياخشىلىنىپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى تىرازى يىلدىن - يىلغا ئېشىۋاتىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ 2008 - يىللىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن تارتىپ باشلىنىدۇ. گەرچە ژۇرنالنىڭ فورماتى چوڭايتىلىپ، بەت ياساش، باسما، قەغەز سۈپىتى ئىلگىرىكىدىن كۆركەم ۋە دەۋرىمىزگە مۇناسىپ بولۇۋاتقانلىقى ھەمدە 2008 - يىللىق 1 - سانىدىن باشلاپ ژۇرنالنىڭ قەغەز سۈپىتى تېخىمۇ ياخشىلىنىدىغانلىقى سەۋەبلىك تەننەرخى كۆپ ئېشىپ كېتىدىغان بولسىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېغىرچىلىقىنى ئاشۇرماسلىق نەزەردە تۇتۇلۇپ، 2008 - يىللىق ژۇرنال باھاسى ئازراق تەڭشەلدى. پەسىلدە بىر چىقىدىغان بۇ ژۇرنالنىڭ 2008 - يىللىق تاق باھاسى 5.00 يۈەن، يىللىق باھاسى20 يۈەن، يىل ئاخىرىدا چىقىدىغان يىللىق توپلامنىڭ باھاسى 25 يۈەن. ژۇرنىلىمىز ئىلگىرىكىدەكلا يەنە يەرلىك پوچتىخانا، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىدە تەسىس قىلىنغان شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى، شىنخۇا كىتابخانىلىرى، ھاۋالە قىلىنغان قانۇنلۇق سېتىش ئورۇنلىرى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق تارقىتىلىدۇ. ژۇرنالنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 167—58؛ چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1720.

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2007 - يىللىق توپلىمى مۇشۇ يىلنىڭ 4 - سانى بىلەن بىرگە تۈپلىنىپ چىقىدۇ، باھاسى 22 يۈەن. ژۇرنىلىمىزنىڭ كونا توپلاملىرىدىن بىر قىسمى بار: 2003 - ، 2004 - يىللىق توپلاملارنىڭ باھاسى20 يۈەن، 2005 - ، 2006 - يىللىق توپلارنىڭ باھاسى 22 يۈەن. توپلام سېتىپ ئالغۇچىلار تەھرىر بۆلۈمىمىز بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلسا بولىدۇ. (پوچتا ھەققىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

مۇسۇلمانلارنىڭ، مەسچىتلەرنىڭ، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرىنىڭ، ئىدارە - تەشكىلات، مائارىپ - مەدەنىيەت تارماقلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ژۇرنىلىمىز سۈپىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن مۇۋاپىق تەكلىپ - پىكىرلەرنى داۋاملىق بېرىپ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ژۇرنىلىمىزغا پائال مۇشتەرى بولۇشنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## هجرىيە 1428-يىللىق رامزان ئېيىدا روزا تۇتۇش ۋاقىت جەدۋىلى (ئۈرۈمچى ۋاقتى)

| رامزان | مىلادىيە 2007-يىل | ھەپتە كۈنلىرى | سۇھۇر ۋاقتى | تاڭ سۈزۈلۈش | كۈن چىقىش | پېشىن | ئەسىر | شام ۋە ئىپتار | خۇپتەن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 9—13 | پەيشەنبە | 3:15 | 4:07 | 5:49 | 12:20 | 15:38 | 18:24 | 19:08 |
| 2 | 14 | جۈمە | 3:16 | 4:08 | 5:50 | 12:20 | 15:37 | 18:22 | 19:06 |
| 3 | 15 | شەنبە | 3:17 | 4:09 | 5:51 | 12:20 | 15:36 | 18:21 | 19:05 |
| 4 | 16 | يەكشەنبە | 3:18 | 4:10 | 5:52 | 12:20 | 15:35 | 18:20 | 19:04 |
| 5 | 17 | دۈشەنبە | 3:19 | 4:11 | 5:53 | 12:20 | 15:34 | 18:18 | 19:02 |
| 6 | 18 | سەيشەنبە | 3:20 | 4:12 | 5:54 | 12:20 | 15:33 | 18:17 | 19:01 |
| 7 | 19 | چارشەنبە | 3:21 | 4:13 | 5:54 | 12:20 | 15:31 | 18:16 | 19:00 |
| 8 | 20 | پەيشەنبە | 3:22 | 4:14 | 5:55 | 12:20 | 15:30 | 18:15 | 18:59 |
| 9 | 21 | جۈمە | 3:23 | 4:15 | 5:56 | 12:20 | 15:29 | 18:13 | 18:57 |
| 10 | 22 | شەنبە | 3:24 | 4:16 | 5:57 | 12:20 | 15:28 | 18:12 | 18:56 |
| 11 | 23 | يەكشەنبە | 3:25 | 4:17 | 5:58 | 12:20 | 15:27 | 18:10 | 18:55 |
| 12 | 24 | دۈشەنبە | 3:26 | 4:18 | 5:59 | 12:20 | 15:26 | 18:09 | 18:54 |
| 13 | 25 | سەيشەنبە | 3:27 | 4:19 | 6:00 | 12:20 | 15:25 | 18:08 | 18:53 |
| 14 | 26 | چارشەنبە | 3:28 | 4:20 | 6:01 | 12:20 | 15:24 | 18:06 | 18:51 |
| 15 | 27 | پەيشەنبە | 3:29 | 4:21 | 6:03 | 12:20 | 15:24 | 18:04 | 18:49 |
| 16 | 28 | جۈمە | 3:30 | 4:22 | 6:04 | 12:20 | 15:23 | 18:02 | 18:47 |
| 17 | 29 | شەنبە | 3:31 | 4:23 | 6:05 | 12:20 | 15:22 | 18:00 | 18:45 |
| 18 | 30 | يەكشەنبە | 3:32 | 4:24 | 6:07 | 12:20 | 15:21 | 17:59 | 18:43 |
| 19 | 10—1 | دۈشەنبە | 3:33 | 4:25 | 6:08 | 12:20 | 15:20 | 17:58 | 18:41 |
| 20 | 2 | سەيشەنبە | 3:34 | 4:26 | 6:09 | 12:20 | 15:19 | 17:57 | 18:39 |
| 21 | 3 | چارشەنبە | 3:35 | 4:27 | 6:10 | 12:20 | 15:18 | 17:55 | 18:37 |
| 22 | 4 | پەيشەنبە | 3:36 | 4:28 | 6:11 | 12:20 | 15:18 | 17:53 | 18:35 |
| 23 | 5 | جۈمە | 3:37 | 4:29 | 6:12 | 12:20 | 15:17 | 17:51 | 18:34 |
| 24 | 6 | شەنبە | 3:38 | 4:30 | 6:14 | 12:20 | 15:16 | 17:49 | 18:32 |
| 25 | 7 | يەكشەنبە | 3:39 | 4:31 | 6:15 | 12:20 | 15:15 | 17:48 | 18:30 |
| 26 | 8 | دۈشەنبە | 3:40 | 4:32 | 6:16 | 12:20 | 15:14 | 17:47 | قەدرى كېچىسى |
| 27 | 9 | سەيشەنبە | 3:42 | 4:33 | 6:18 | 12:20 | 15:13 | 17:45 | 18:28 |
| 28 | 10 | چارشەنبە | 3:43 | 4:34 | 6:19 | 12:20 | 15:12 | 17:44 | 18:27 |
| 29 | 11 | پەيشەنبە | 3:44 | 4:35 | 6:20 | 12:20 | 15:11 | 17:42 | 18:26 |
| 30 | 12 | جۈمە | 3:45 | 4:36 | 6:22 | 12:20 | 15:10 | 17:40 | 18:24 |
| شەۋۋال | 13 | روزا ھېيت | 3:46 | 4:37 | 6:23 | 12:20 | 15:09 | 17:38 | 18:19 |

**ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن ۋاقىت جەھەتتىن پەرقلىنىپ، سۇھۇر ۋاقتى ۋە ئىپتار ۋاقتى بۇرۇن-كېيىن كېلىدىغان شەھەرلەر**

| ئۈرۈمچى شەھىرىدىن | مىنۇت بۇرۇن | ئۈرۈمچى شەھىرىدىن | مىنۇت كېيىن |
|---|---|---|---|
| ئالتاي شەھىرى | 19 | خوتەن شەھىرى | 49 |
| | | قەشقەر شەھىرى | 58 |
| قۇمۇل شەھىرى | 6 | ئاتۇش شەھىرى | 57 |
| | | ئاقسۇ شەھىرى | 35 |
| تۇرپان شەھىرى | 5 | غۇلجا شەھىرى | 28 |
| | | كورلا شەھىرى | 10 |
| بۇ جەدۋەلنى مۇھتەرەم ھاجى ئىشلىگەن | | سانجى شەھىرى | 5 |
| | | شىخەنزە شەھىرى | 3 |

ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى شەيخ ئابدۇراھمان
بىنى ئابدۇل ئەزىز سۇدەيسى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە
زىيارەتتە بولدى.



سۇدەيسى رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن داموللا بىلەن
دوستانە سۆھبەتلەشتى.



سۇدەيسى قاتارلىقلار جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك
قىلىش ھەيئىتى مەسئۇللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.



سۇدەيسى جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مەسچىتىدە
جۈمەلىك خۇتبە ئوقۇماقتا.




جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئادىل ھاجى كېرەم
ەنجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا-ياۋروپا يىغىنى 3-نۆۋەتلىك دىنلار
ئارا مەدەنىي مۇلاقات يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىلەن بىللە.

شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ 10
يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زىيارەت
ئۆمىكى شياڭگاڭدا زىيارەتتە بولدى.




زىيارەت ئۆمىكى رەھبەرلىرى شياڭگاڭدىكى بەش ئىسلام
دىنى تەشكىلاتى مەسئۇللىرى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زىيارەت ئۆمىكى شياڭگاڭ
كۆرگەزمە مەركىزىنىڭ زىجىن مەيدانىدا.



ئۆمەك ئەزالىرى چىجۇ مەسچىتىنى زىيارەت قىلىپ
مەسچىت ئالدىدا خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ 2002-يىللىق شىنجاڭ سىنىپى
تالىپلىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى
ئىدارىسى ۋە جەمئىيىتىمىز رەھبەرلىرى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.
(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى يۈسۈپ جەۋاد، شەمسىددىن تارتقان)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ژۇرنىلىمىزغا 2007 - يىللىق مۇشتەرى توپلاشتىكى شەرەپلىك ۋىلايەت ۋە ناھىيە(شەھەر)لەر

قەشقەر ۋىلايىتى ئاقسۇ ۋىلايىتى خوتەن ۋىلايىتى تۇرپان ۋىلايىتى

يەكەن ناھىيىسى، باي ناھىيىسى، تۇرپان شەھىرى، ئاقسۇ شەھىرى، ئونسۇ ناھىيىسى، خوتەن شەھىرى، لوپ ناھىيىسى، قەشقەر شەھىرى، مارالبېشى ناھىيىسى، قاراقاش ناھىيىسى، پوسكام ناھىيىسى، مەكىت ناھىيىسى، كونىشەھەر ناھىيىسى، چىرا ناھىيىسى، كورلا شەھىرى، شايار ناھىيىسى، ئاۋات ناھىيىسى، خوتەن ناھىيىسى، قاغىلىق ناھىيىسى، يېڭىشەھەر ناھىيىسى، پىچان ناھىيىسى، يېڭىسار ناھىيىسى، توقسۇ ناھىيىسى، كېرىيە ناھىيىسى، گۇما ناھىيىسى، توقسۇن ناھىيىسى.

كىتابخانىلاردىن: ئۈرۈمچى "ئىزچىلار" كىتابخانىسى.

ISSN 1007-5836
9 771007 583001 09
《中国穆斯林》（维吾尔文版）
国际标准刊号：ISSN1007—5836
国内统一刊号：CN11—1346/B
国内邮发代号：（新）58—167
国外发行代号：Q1720
公开发行
定价：4.50元


بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

المسلم الصيني



4

2007

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

ئۇنىۋېرسال ئىسلام ئىلىم - مەدەنىيەت ژۇرنىلى